مەملىكەت بويىچە 100 نوقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك مەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال



MIRAS 美拉斯

MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE

# ميراس

3
2010

ISSN 1004-3829

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاتاقلىق شائىر، قابىل ژۇرنالىست ياسىن زىلال ئەپەندى ( 1961— )

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2010 ـ يىل 3 ـ سان

(ئومۇمىي 119 ـ سان)




باش مۇھەررىر:

**ۋاھىتجان غوپۇر**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

**مۇختار مۇھەممەد**

مۇھەررىرلەر:

**نۇرنىسا باقى**

**خۇرسەنئاي مەتىمىن**

**ئەزىزە تۇيغۇن**

جاۋابكار مۇھەررىر:

**خۇرسەنئاي مەتىمىن**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت

**Tel: (0991) 4554017**

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:

CN65 ـ 1130 / I

خەلقئارالىق نومۇرى:

**ISSN1004 ـ 3829**

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58

پوچتا نومۇرى: 830001

E_mail: **mirasuyghur@126.com**

جەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: **1130BM**

ئېلان ئىجازەت نومۇرى: **6500006000040**

باھاسى 6.00 يۈەن

تاق ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ


## ئۈنچىلەر تىزمىسى


ھاتەم پاشا بىلەن گۈلقەمەر ......... توپلىغۇچى: ئابدۇرىشات توغرۇل (1)


## تائاملىرىمىز


تائاملار سۇلتانى پولۇ .................. ئابلىز مۇھەممەد سايرامى (12)


## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى


ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىكى تىراگېدىيەلىك گۈزەللىك ................
........................ ياسىن مۇھەممەدنىياز تېكە (17)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى ئات تەسۋىرى ...... مېھرىنىسا مەخەت (51)

«ئايتولدى» بىلەن «كۈنتۇغدى» دوستلۇقىدىن چىن دوستلۇققا نەزەر ...
...................................... ماھمۇد زەيىدى (55)

ئاپتور، مۇھەررىر ۋە ئەسەر .................. پاتىگۈل ئەخمەت (61)


## ئادەت قېرىماس


دەريا بويىلىقلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ......... مەتسەئىدى مەتقاسىم (27)

كورلا دىيارىدىكى مازار مەدەنىيىتى - - - ئابدۇمجىت ھەسەن قۇربانى (47)

ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ـ بىرىنى يوقلاش ئادەتلىرى ۋە پەرھىزلىك قاراشلىرى ...
...................................... شەرىپە ئابدۇغوپۇر (64)

تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بەزى ئىسىملارنى قويۇش ئادىتى ..............
.................................. راجىھە ئابدۇرېشىت ئىبراھىم (72)


## يورۇق يۇلتۇزلار


مۇقام ئىشقىدا كۆيگەن يۈرەك ........... ياقۇپ ئىسمائىل قۇرۇلچى (36)


## گۈزەللىك ئۇندۇر، توققۇزى توندۇر


ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ئۈزۈك ................ ئابدۇقەييۇم مجىت (40)

www.uyghurkitap.com

## مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

ئاياللارنىڭ ئەنئەنىۋى پەرداز بۇيۇملىرى . . . نۇرنىساخان مەتسىدىق (50)

### كۈلكە — جان ئوزۇقى

يۇمۇرلار .................. مېھرىگۈل قادىر تەرجىمىسى (59)

### مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئۆزۈڭدىن باشلا

بىر ھامىلىنىڭ يۈرەك سۆزى ...................... ئەخمەت كېبىر (69)

### ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

دېھقانچىلىك ئەقلى يوق ھاكىم . . . ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر تەرجىمىسى (76)

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەزىزە تۇيغۇن
تەكلىپلىك كوررېكتور: ھاۋاخان ئارىپ
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى
ماۋزۇ ۋە ئىچ بەت سۈرەتلىرىنى لايىھىلىگۈچى: مەرىيەمگۈل ئىدرىس

**ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!**

ئۆي ئىچىڭىز بەرىكەتلىك، ئىشلىرىڭىز نېمەتلىك، تۇپا ئالسىڭىز ئالتۇن، كۈل ئالسىڭىز كۈمۈش بولغاي! سىزنىڭ قوللىشىڭىز بىلەن ژۇرنىلىمىز مۇشۇ كۈنگە كەلدى. شۇنى تەۋەنچىلىك بىلەن سەمىڭىزگە سالىمىزكى 2010 - يىلدىن ئېتىبارەن ژۇرنىلىمىزنى كىتابخانىلارغا سېلىشنى توختاتتۇق. شۇڭا پەقەت مۇشتەرىلىرىمىزلا ژۇرنىلىمىزدىن ھۇزۇرلىنىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ. مۇبادا سىز بىزنىڭ سادىق ئوقۇرمىنىمىز بولسىڭىز مۇشۇ گەپنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزغا، ئاغىنە - بۇرادەرلىرىڭىزگە، خىزمەتداشلىرىڭىزگە، يېقىن - يورۇقلىرىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىمىز كامىل.

## 1- ئىيۇن خەلقئارا بالىلار بايرىمىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

مۇقاۋىدا: ئوغلاق تارتىش ئەسقەر تۇردى سىزغان
مۇقاۋا رەسىمنى «غەربىي دىيار ئۇسلۇبى گالېرېيىسى» تەمىنلىگەن

ئىچ بەتتىكى قىسمەن سۈرەتلەر «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» دىن ئېلىندى
ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ئەسقەر تۇردى، مەتتوختى بارات، غەيرەت ئابدۇللا قاتار- لىقلار تەمىنلىگەن

Chief editor: Wahitjan Ghopur
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin

## 保护文化遗产
## 捍卫精神家园

总编：
瓦依提江·吾甫尔
副总编：
穆合塔尔·穆罕默德
（法人代表）
编辑：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再·吐依贡
本期责任编辑：
胡尔仙阿依·买买提明

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路716号文联14层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E_mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# ھاتەم پاشا بىلەن گۈلقەمەر

(خەلق داستانى)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىستا، تەكلىماكاننىڭ قاق ئوتتۇرىستا چوڭ بىر شەھەر بىيكەن، ئۇ چىنماچىننىڭ پايتەختىكەن. پۇقرالا بۇ شەھنى «ئاستانا» دەيتىكەن. بۇ شەھنىڭ پۇقرالىرى بەك ئاق كۆڭەل، ساپ دىل، ياۋاش، چىقىشقاقكەن. ھەممىسى بىر تۇققاندەي يېقىن ھەم ئىجىل ئىناق ئۆتىتىكەن. پادىشا بىلەن پۇقرالا بىر بىسكە ھەمدەم بولاپ، ئاتابىلەن بالىدەي يېقىن ئۆتىتىكەن. شۇڭا خەلق پادىشانى «ئەل ئاتىسى» دەپ ئاتايتىكەن. پادىشانىڭ ھۆسنى-جامالدا كامالەتكە يەتكەن تەڭداشسىز گۈزەل يالغۇز بىر قىزى بىيكەن، ئېتى گۇلقەمەركەن. ئۇ كىچىگىدىن باشلاپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئىلىم-بىلىم ھەم ناخشا-سازدا كامالەتكە يەتكەنىكەن. ئۇ ھەممىشە ئوددىن چىقىپ، پۇقرالىنىڭ قىزلىرى بىلەن ئاداش بولاپ ئويناپ چوڭ بوغانىكەن. شۇڭا ئۇنى «ئەل قىزى» دەپ تەرىپلەيتىكەن. ئۇ كەنىزەكلىرى بىلەن چارباغدا تۇرۇتىكەن.

بىيىت:

چارباغدا تۇلۇن ئايدىن،
ئون بەش كۈنلۈك تۇلۇن ئايدىن،
بىسى تۇرامىش.
تۇلۇن ئايمەس،
ھۆسنى قوياش،
كۆلۈشى ئاپتاپ،
بۇيى ئىپارمىش.

ناخشىسىدىن بۇلبۇل ۋەيران،
ئۇسۇلىدىن قالغاچ ھەيران،
بىھۇش بولامىش،
ئەگەر كىچىدە يۈزنى ئاچسا،
ئايدىڭ بوغاندەي،
تاڭ ئاتقاندەي،
جاھان يورامىش.

كۆزلىرى پاششاپ بولاپ،
يۈزلىرى پاششا بولاپ،
جاھان سورامىش.
ماشلىرى جاللات بولاپ،
كىرپىكى ئوقيا بولاپ،
جاننى ئالامىش.

ئول پەرى گۈلدەي گۈزەلكەن،

ئىسمى ئۇنىڭ گۈل قەمەركەن،
ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك تولامىش.
ھۆسنىنى بى كۆرگەن،
چىرايىغا بى قالىغان،
ناخشىسىنى بى ئاڭلىغان،
ئۇسسۇلىنى بى كۆرگەن،
ئوتتا قالامىش.

ئەلقىسسە، بۇ يۇرتتا ئىنتايىن ھېلىگەر، قۇۋ بى تاز بىيكەن، ھەممە ئادەم ئۇنىڭ ئىبتىنى قىچىماي «قۇۋ تاز» دەپ قىچقىرتىكەن. قۇۋ تاز پادىشانىڭ بويىغا يەتكەن قىزىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، بى ئامال قىلىپ، پادىشانىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلىنىپ، تەخت ۋارىسى بولاش نىيىتكە كېلىپ، ئوردىغا يېقىنلىشىپتۇ. لېكىن بۇ بەتبەشىرە تاز بوغاچقا، ئوردا خىزمىتىگە ئېرىشەلمەي، ئوردىنىڭ ئىشىك باقارى بولاپتۇ. ئۇ پۇرسەت تاپسىلا چاھار باققا كىرىپ، مەلىكىنىڭ خىزمىتىنى قىلغان بولاپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك چۆگىلەيتىكەن. لېكىن مەلىكە بۇ بەتبەشىرە تازنى كۆرسە كۆڭلى ئېلىشىپ، بۇ تازدىن بىزار بولاپ، ئۇنى قوغلايتىكەن. لېكىن بۇ تاز قاشالىق چىۋىندەك قوغلىسىما كەتمەي، مەلىكىگە ھەم كېنىزەكلىگە خۇشامەت قىلىپ يۈرىتىكەن.

كۈنلە ئۆتەپ، ئايلا ئۆتەپ، مەلىكە بويىغا يېتىپ، رەسىدە بولاپتۇ. قىزنى ياتلىق قىلىش ۋاقتى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان پادىشا قىزىنىڭ شەرتلىرى ئۈستىدە مەلىكىدىن مەسلىھەت سوراپتۇ. قىز پادىشاغا شۇنداغ غەزەل ئوقۇپتۇ:

لى دادا، جېنىم دادا،
مەن ئۇچۇن غەم يېمىگىن.
مېنىڭسىزمۇ غەرىبلىك تولا،
خەلقىنىڭ غېمى بېشىڭدا،
دۆلىتىم سىز، پەخرىم سىز.
ھېچ نېمىدىن غېمىم يوق،
ئۆتۈپتىمە غەمسىز، غۇبارسىز،
مەن ئۇچۇن باغ قاتۇما،
مەن ئۇچۇن غەم يېمىگىن.

مەن ئەمدى چوڭ بولدام،
ئاق-قارىنى پەقتىمە.
مەن كىچىگ بالا ئەمەس،
نارىسىدە ئەمەس،
ئۆز ئىشىمنى ئۆزەم قىلىتمە،
مېنى قوياپ ئەلنى ئويلا،
مېنى دىمەي دۆلەتنى ئويلا،
مەن ئۇچۇن غەم يېمىگىن.

چىماچىنىنىڭ پۈتكۈل غېمى،
سېنىڭ زىلمىڭدا تۇرۇپتۇ.
لەك-لەك پۇخرانىڭ غېمى،
سىنىڭ بېشىڭدا تۇرۇپتۇ.
سەن دۆلەتنىڭ بېشى،
خەلقىنىڭ ئاتىسى،
ئەلنى مەندىن ئەلا بىلگىن،
پۇخرانى ئۆز بالاڭ بىلگىن،
مەن ئۇچۇن غەم يېمىگىن.

ئاندىن مەلىكە شاھ ئاتىسىغا:

— ئەي كېرەملىك شاھ ئاتا، سىز ھېمىشە مېنىڭ غېمىمنى يەپ كەلدىڭىز، مېنىڭسىزمۇ چوڭ بى ئەلنىڭ غېمى سىزنىڭ زىلمىڭىزدا. ئۆزەمنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم قىلالايتىمە، چوقۇم قۇلىڭىزغا قول، پۇتىڭىزغا پۇت بولىتقان يىگىتتىن بىنى تاپىتمە، — دەپتۇ.

— سىزنىڭ ئەقىللىقلىقىڭىزغا ئىشەنچىم كامىل، مەلىكەم، — دەپتۇ پادىشا مەقسىتىنى ئىزھار قىلىپ، — لېكىن، قىز چوڭ بوسا ياتلىق بولىتۇ، يىگىت چوڭ بوسا ئۆيلەگۈچاقلىق بولىتۇ. سىزنىڭ ياتلىق بولاش ۋاختىڭىز كىپ قالدى، مېنىڭمۇ بالدۇراق نەۋرە يۈزى كۆرگۈم با.

— ئەمىسە، — دەپتۇ مەلىكە شاھ ئاتىسىغا، — ئەلگە شۇنداغ بى ئېلان چىقىرىڭ، مىڭ پاچە غەزەلنى يادا ئوقۇيالايتقان ھەم شېئىر يازالايتقان شائىر، مۇقاملانى تولۇق چالالايتقان يېتۈك سازەندە، 18 خىل جەڭ قۇراللىرىنى تولۇق ئىشلىتەلەيتقان ماھارەتلىك چەۋەنداز، دۇنيادىكى تېپىشماقلىنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب تاپالايتقان ئاقىل كىشىلە ئالدىمغا كەسۇن، ياش چەكلىمىسى قويالمىسۇن، مەن ئۇلىدىن ئىنتاما ئېلىپ، بىنى تاللاپ چىقىتمە.

پادىشا شۇ بويىچە ئەلگە ئېلان چىقىرىپتۇ. بۇ ئېلاندىن خەۋە تاپقان يەتتە ئىقلىم شاھرادىلىرى، يۇرت-يۇرتتىن كەگەن شائىر، سازەندە، جانبازلا شەنى لىق قاپلاپتۇ.

نەزىم:
ئەدەم دېڭىز بولاپتۇ،
شەھەر ئىچى قايناپتۇ.
تاپان دەسسىگۈدەك يە يوق،
ئاشخانا-ساراي لىق تولاپتۇ.
يەتتە ئىقلىمدىن كەگەن شاھزادىلە،

تەرەپ-تەرەپتىن كەلگەن بەگزادىلە،
ئېسىل زادە، خانزادىلە،
بۇ شەگە توپلىنىپتۇ.

پۇلى بالا پۇلنى ئېلىپ،
مېلى بالا مېلىنى ئېلىپ،
ئېتى بالا ئېتىغا مىنىپ،
ئېشكى بالا ئېشەككە مىنىپ،
پۇلى يوقلا بېشىنى ئېلىپ،
ئۇلىغى يوقلا پىشادە مېڭىپ،
تۆت تامدىن بۇ شەگە كېپتۇ.

مەلىكە ئۇلاردىن ئىنتاما ئېلىشقا تەييارلىق قىپتۇ. شەنى ئىككى بۆلەككە ئايرىپ، بىر بۆلەكتە ئىنتاما بەمگەنلە، يەنا بىر بۆلەكتە ئىنتامادىن ئۆتكەنلە تۇسۇن، ئىكك رايۇندا ئەدەم يۇرۇشۇش قاتتىق مەنئى قىلىنسۇن، ئىنتامادىن ئۆتەلمىگەنلە ئۆز يۇتىغا يولغا سېلىنسۇن، دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. بەزى ۋەزىرلە:

— ئىنتامادىن ئۆتەلمىگەنلىنىڭ بېشى ئېلىنىشى كېرەك، شۇنداغ بولغاندا، بىرىنچىدىن، ئۆزىنى چاغلىماي ئىنتاما بەگلى كىلىتقانلىنىڭ سانى ئازلايتۇ، بۇ مەلىكىگە كېلىتقان بېسىمنى پەسلەيتۇ، يەنا بىر جەھەتتىن مەلىكىنىڭ شان-شەرىپى ئالەمگە مەشھۇر بۇلىتۇ، — دەپ تەكلىپ بېرىشىپتۇ. لەيكىن مەلىكە:

— ئۇلىنىڭ ئىنتاما بىرىشكە كېلىشى ماڭا كۆڭەل ئىزھار قىلىش، شۇڭا دىل ئازا قىلىشتىن قوقىتمە، ئەدەم ئۇلتۇرۇپ شۆھرەت قازىنىش قانخورلىنىڭ ئىشى، مەن كۆيەمچانلىقىم بىلەن شۆھرەت قازىنىشقا رازىكى، قان بەدىلىگە شۆھرەت قازىنىشنى راۋا كۆرمەيتىمە، - دەپتۇ.

مەلىكىنىڭ بىرىنچى سوئالى مۇنداغكەن: بىر تاۋۇزنى 9 پاچە قىلىپ پىچىڭ، شەرت، تاۋۇزنى يەپ بوغاندا شاپىقى 10 پاچە چىقسۇن.

بۇ سوئالغا كەگەنلىنىڭ تەڭدىن تولىسى جاۋاب تاپالماي، شاللىنىپ كىتىپتۇ. شاللىنىپ كەتكەنلە نامرات بوسا يول خىراجىتى بىرىپ يولغا سېپ قۇيۇپتۇ.

قۇۋ تاز بۇ پۇرسەتتە، ئىنتاما بىرىپ ئۆتكەنلە چىقىتقان داۋزىغا قالايتقان ئىشنى قولغا كەلتۈرۈۋېپتىكەن، ئۇ بىرىنچى سوئالغا تونجى بولۇپ توغرا جاۋاب بىرىپ يانغان بىر يىگىتتىن:

— ھەي بەگزادە، تەلىيىڭىز ئوڭدىن كەلدىما؟ — دەپ سوراپتىكەن، يىگىت:

— خۇدانىڭ ئىلتىپاتى، — دەپتۇ. تاز:

— تاۋۇزنىڭ قوڭىنى ئېلىۋېتىپ، بىر شاپاق سانىغانسىز ھە قاچان؟ — دەپتىكەن، يىگىت:

— ئۇزەڭ ئەقلىڭنى ئىشقا سال، — دەپ قۇيۇپ كىتىپتۇ.

قۇۋ تاز ئىنتامادىن ئۆتەپ يانغانلىنىڭ ھەممىستىن شۇ سوئالنى سوراپتىكەن، بىر سادىدا يىگىت:

— ياق، تاۋۇزغا قوش پىچاق ئۇرۇپ پىچتىم، — دەپ جاۋابىنى دەپ سېپتۇ.

قۇۋ تاز دەررۇ ئالدى داۋزىدىن كىرىپ، مەلىكىگە ئىنتاما بىرىپتۇ. ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي، تاۋۇزنى قوش پىچاق ئۇرۇپ # غەكلىدە پىچىپتىكەن، ئوتتۇرىستىكى بىر پاچە تاۋۇزنىڭ ئىككىلى تەرىپتە شاپىقى با پىچىلىپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭ ئىنتامادىن ئۆتكەنلە چىكىتىتقان ئاقا داۋزىغا قالايتقانلىقىدىن بىخەۋە بوغاچ، ئىلاجىسىز قۇۋ تازنىما ئىنتامادىن ئۆتكەنلە قاتارىدا ئەنگە ئېپتۇ.

بىرىنچى باسقۇچلۇق ئىنتاما تۈگەپ، ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئىنتاما باشلىنىپتۇ. ئىككىنچى سوئال: ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراق، ئورمان توغرىستا بەش پاچە (كۇپلېت) غەزەل يېزىلىڭ، شەرتى شېئىرىيەت تەلىپىگە تولۇق ماس كەسۇن، دىگەن سوئالكەن. قۇۋ تاز يەنا ئىنتامادىن ئۆتەپ، ئاقا داۋزىدىن چىققانلاردىن ئۇنى-بۇنى سوراپ يۈرۈپ، سوئالنى بىلىۋېپتۇ، شەنىڭ تېشتا زاھىدلىق تۇرمۇشى بىلەن تەنھا ياشايتقان بىر شائىر بوۋاينى تېپىپ، نەچچە كۈن خىزمىتىدە بولاپ، خۇشامەت ھەم ھىلەمىكىر بىلەن بۇ بوۋاينىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىپ، شۇ مەزمۇندا بەش پاچە (كۇپلېت) غەزەل يازدۇرۇپ كېلىپ، ئىنتاما بىرىپ، بۇ باسقۇچتىنمۇ ئۆتۈۋېپتۇ.

ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئىنتامادا يەنا تەلەپ قويغۇچىلىنىڭ تەڭدىن تولىسى شاللىنىپ كىتىپتۇ. 3-سوئال: مەلىكە يازغان بىر پاچە شېئىرنى ئاھاڭغا سېلىپ، خالىغان ساز بىلەن نەخ مەيداندا ئوقۇشكەن. قۇۋ تاز بۇ سوئالنى ھەم شېئىرنى بىلىۋالغان بوسىما، ساز چېلىش، بىلمىگەچ، ھېچقايداغ ئامال قىلالماپتۇ. ئاخىرقى سوئال: ئىنتامادىن ئۆتكەنلە بىر بىسى بىلەن ئېلىشىش، ئەڭ ئاخىرى كىم يېڭىپ چىقسا شۇنى ئۆزىگە لايىق قىلىپ تاللاشكەن. مۇسابىقا نەچچە كۈن داۋاملىشىپ، ئەڭ ئاخىرى ھاتەم ئىسىملىك بىر يىگىت ھەممىنى يېڭىپ چىقىپتۇ.

ئەسلى ھاتەم مۇشۇ شەدە تۇغۇلۇپ چوڭ بوغان، مۇشۇ شەدىكى ئەڭ كاتتا ئۆلۇمالاردىن تەلىم ئاغان، جاھ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بازلىق ماھارىتىنى مۇكەممەل يىتىلدۈرگەن يىگىت بولۇپ، ئوۋ ئوۋلاشقا بەك ماھىركەن. ئۇ ھەممىشە ئوۋلاپ كەلگەن ئوۋ غەنىمەتلىرىنى شەھەردىكى نامرات پۇقرالىغا ئارىشتۇرۇپ بېرىدىكەن. ئۇ يامانلىقتىن قورقماي، ياۋاشنى بوزەكلىمەي، ناھاقچىلىقنى كۆرسە مەيدانغا چۈشۈپ، يامان بىلەن ئېلىشىپ داۋ چىقاغاچقا، شەھ ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى ئۇنى تونۇيتىكەن. ھەمما ئادەم ئۇنى «ئەل ئوغلى» دەپ ئاتايتىكەن. شۇڭا ئاخىردا ھاتەمنىڭ ئۇتۇپ چىققىنغا ھەممە ئادەم خۇش بولاپتۇ.

بۇ كاتتا خاسىيەتلىك ئىشتىن ھاتەمنىڭ ئۆيىدىكىلە چەكسىز خوش بولاپتۇ. ئەل-جامائەت قوتلۇقلاپ بۇ ئۆيگە يىغىلىپتۇ. ھاتەمنىڭ شەمسىگۈل ئاتلىغ بى سىڭلىسى بىيىدى، ئۇ ئاكىسىنىڭ ئۇتۇپ چىقىپ، مەلىكە گۈلقەمەرگە ئۆيلەنمەكچى بوغانلىقىدىن خوش بولاپ، شۇنداغ بىيىپ ئوقۇدى:

ئىشكىمىنىڭ ئالدىدا،
چىناچىغا قوناپتۇ،
بى جۈپ قاچۇغا.
ئاكام بوگۈن ئېلىپتۇ،
ئايدەي ئاغىچا،
بولدى ماڭا گۈلقەمەرخان،
بى جۈپ چىناچا،
مىربان ئاچا.

تون پىچامەن ئاكامغا،
مەشۈت گۈل بىسىپ،
باغاق قىلاي نىمىدە؟
زۇلپامنى كىسىپ.

پادىشا ئاۋامغا 40 كېچە كۈندۈز كاتتا توي قىلىپ، بۇ ئىككى ياشنىڭ بېشىنى قوشاپ قوياپتۇ. توي شۇنداغ قىزىپتۇكى، ئەيىۇھەنناس، تويدىكەن بۇنداغ قىزىماس، شەھەردىكى ھەممە ئادەم ئۇسۇلغا چۈشۈپ، كوچا-كوچا، ئۆي-ئۆيلىدە ناخشا ياڭراپ، پۈتۈن شە قايىنغان قازانغا ئايلىنىپتۇ.

نەزىم:
كاككۇك بىلەن زەينەپ،
لەيلى بىلەن مەجنۇن،
پەرھات بىلەن شىرىن،
غېرىپ بىلەن سەنەم،
يىتىپتۇ بوگۈن ۋەسلىگە.

ھاتەم بىلەن گۈلقەمەرنىڭ،
بېشى قوشۇلاپ،
بېشى باش، ئايىغى تاش بولاپ،
قەدەم قوياپتۇ ئۆمۈرنىڭ،
ئالتۇندەي قىمەت،
ناۋاتتەي تاتلىغ،
ھەسەلدەي شىرىن،
گۈزەل پەسلىگە.

ھاتەم بىلەن گۈلقەمەرنىڭ،
تويى بولاپتۇ بوگۈن،
ئەل ئىچىگە خۇشاللىق،
شاتلىق تولاپتۇ بوگۈن.
مەلىكىنىڭ تويى ئەمەس،
ھاتەمنىڭمۇ تويى ئەمەس،
بولاپتۇ ئەلنىڭ تويى،
چىلىنغان ساز تويىنىڭ ئەمەس،
ئوقۇلغان ناخشا تويىنىڭ ئەمەس،
خەلقنىڭ كۆيىكەن.

ئەلنىڭ ئوغلى ھاتەم پاشا،
ئەلنىڭ قىزى گۈلقەمەرگە،
ئۆيلەندى بوگەن.
شۇڭا ئەلنىڭ تويى بولاپ،
ھەممە ئادەم خۇشال بولاپ،
بۇ خۇشاللىق،
بۇ پاراۋانلىق،
بۇ كاتتا مەرىكە
كۆيلەندى بوگەن.

ھاتەم بىلەن گۈلقەمەر بى-بىسىنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرەشەپ، ئۇز ئارا ھۆرمەت قىلىشىپ، ئىجىل-ئىناق ئائىلە قوروپ، خۇشال-خورام تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

ئەلقىسە، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ ئەلنىڭ شۇقورىستىكى تاغلىقتا يات بى تائىپە ھۇجۇم قىلىپ كىپتۇ. پادشا ئۇلىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كىمنىڭ بېرىشنى خالايتىقانلىقىنى سوراپتىكەن، ۋەزىر-ۋۇزرالىنىڭ ھېچقاستىن زۇۋان چىقماپتۇ. چۈنكى تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەن بۇ تائىپە گوشنى خام يەيتىقان، مۈرتى كەسە ئادەم گۆشى يىيىشتىن يانمايتىقان، ناھايىتى ياۋۇز، ئىگىز تاغدا تۇزلەڭلىكتە

يۇگەندەي بىمالال چىپىپ يۈرىتقان قەۋم بولاپ، ئەسكەرى كۆچى بەك زوركەن. شۇڭا ۋەزىر-ۋۇزرالا قوقاپ، ھېچقاسى گەپ قىلالمىغانكەن. شۇ پۇرسەتتە ھاتەم قوبۇلخانىغا كىرىپ، ۋەزىر-ۋۇزرالىنىڭ ئالدىدا:

— ھۆرمەتلىك شاھ ئاتا، ئۆزلىرى مېنى كىشۇغاللىققا قوبۇل قىلىپ، يالغۇز قىزلىرىغا ئۆيلىنىشىمگە ئىجازەت بەدىلە، ھەم مېنى بەك ئەتىۋالدىلا. ئەلنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە قالاپ تۇسام بوماس، ماڭا ئىجازەت بەسلە، ئۇ مەلئۇنلىنى سۈرۈپ تۇقاي قىلىپ، ئەلنىڭ ئىمىنلىكنى قولىغا كەلتۈرەي، — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ.

پادىشا كىشوغلىنىڭ يېشكەلچىلىككە ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، نىمە دىيىشنى بىلمەي تۈرۈپ قىپتۇ، ھاتەم شۇنداغ بى غەزەل ئوقۇپتۇ:

ئى، شاھ ئاتا، ماڭا ئىجازەت بە،
مەن ئاشۇ ۋەھشى دۈشمەننى،
ئاشۇ ياۋۇز ئالۋاستىلىنى،
سۈرۈپ توقاي قىلىپ،
ياۋنى يەڭگەيمەن،
مەن ئۈچۈن دۇۋا بەسەڭ،
ئىبادىتىڭدە يادەتسەڭ،
ماڭا كۈچ بولاپ،
ياۋنى يەڭگەيمەن.

مەلىكەمنىڭ مەدىتىدە،
جىسمىم قۇچ بولاپ تاۋلاندى.
ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتىدىن،
يۈرۈكەم ئوتقا ئايلاندى.
مەلىكەمنىڭ قوللىشىدا،
دۇۋا قىلىپ مەدەت بىرىشىدە،
ياۋۇز دۈشمەنىنىڭ يۈرىكنى يېرىپ،
جىگىرىنى تىلىپ،
بېشنى كىسىپ،
تىزىنى پۈكۈپ،
ياۋنى يەڭگەيمەن.

ئاۋام پۇقرانىڭ دۇۋالىرى،
ماڭا ئۇزۇق بولاپ،
ئاۋام پۇقرانىڭ تىلەكلىرى،





uyghurkitap.com


كۈچۈمغا كۈچ قوشاپ،
ياۋنى يەڭگەيمەن.

ۋەتىنىمنىڭ تاغ-دەرياسى،
ماڭا قورغان بولاپ،
قوياش نۇرى ماڭا نۇسرەت بىرىپ،
جىسمىم كۈچ-قۇۋەتكە تولاپ،
ياۋنى يەڭگەيمەن.

ياۋنىڭ بېشىنى ئەگمىگۈچە،
تىلىنى كەسمىگۈچە،
تىزىنى پۈكمىگۈچە،
يولدىن قايتمايتىمە.
غەلبە قىلىپ،
نۇسرەت قازىنىپ،
ئاۋامنى تىنچ قىلمىغۇچە،
ئۆيگە كەمەيتىمە.
ماڭا دۇۋا بەگىن،
ماڭا ئىجازەت بەگىن.
ياۋنى يەڭگەيمەن.
پادىشا ئىلاجىسىز ھاتەمگە دۇۋا قىلىپ، ئىجازەت بىرىپ، شۇنداغ غەزەل ئوقۇپتۇ:
بارغىن بالام، كۆز گۆھىرىم،
يۈرەك پارەم، ھەم پەخرىم،
ساڭا بىرەي مىڭ دۇۋا.
مەن سەندىن رازى،
سەندىن خەلمۇ رازى،
ھەم رازىدۇر خۇدا.

ئەلگە كەلگەن شۇم ئاپەتنى،
خەلققە كەگەن شۇم ئەجەلنى،
يوقوتۇشقا باراي دىدىڭ.
ئۆز جېنىڭنى ئاۋام ئۈچۈن،
ئىمىنلىك ئۈچۈن پىدا قىلدىڭ.

كۆڭلەككە ئەلنى پۈككەن،
ئەلنىڭ غېمىنى يىگەن،
ئەلنى ھەممىدىن ئەلا بىلگەن،
ئەلنىڭ ئوغلى سەن،
سەندىن رازىمەن.
دۇۋايىم شۇ: ئاق يول بولسۇن،
نۇسرەت قۇچۇپ كەگىن.
مەلىكەمنى دەتتە قويماي،
ساق-سالامەت يىنىپ كەگىن.
ئەلۋىدا، بالام ئەلۋىدا،
سىنى ئۆز پانايىدا،
ئۆز رەخمىدە ساقلىسۇن خۇدا.
ھاتەم پادىشادىن ئىجازەت ئېلىپ، بۇ خەۋەرنى مەلىكىگە يەتكۈزۈشكە چارباققا كىپتۇ. مەلىكە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، بى تەرەپتىن ئىرىنىڭ باتۇرلۇقىدىن خوش بوسا، يىنا بى تەرەپتىن ھاتەمدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىماي، شۇنداغ ناخشا ئوقۇپتۇ:
دۆلەت شۇڭقارىم،
كۆزەمدىن ئۇچتى.
توغايىنى قوغلاپ،
باغچامغا چۈشتى.
ھاتەم جاۋابەن شۇنداق ناخشا ئوقۇپتۇ:
شۇڭقار ئۇچادۇ،
كۆزلەپ ھاۋانى.
ھامان قايتادۇ،
تىپىپ ئۇۋانى.
باغچامغا چۈشسە،
ئىندەپ ئالۇرمەن.
چۆللەرگە كەتسە،
قايدىن تاپۇرمەن.

ئۇچسا شۇڭقارى،
شاتلىنار ئۇۋچى.
ئىندەپ ئال جىنىم،
مەن سىنىڭ ئوڭچى
ئەلقىسسە، ھاتەم ئۆزىگە شۇنداق بى جۈپ يالمان سوقتۇراپتۇكى، ھە بىسىنىڭ تىغى داۋزىنىڭ قانىتىدەي بىيكەن، ئېغىلىقى مىڭ پاتمان بولاپ، بى يالماننى بى تۆگە ئاران كۆتۈرەپ ماڭىتكەن. ئۇ سەر خىل لەشكەدىن 3 مىڭدىن تاللاپ، قوشۇننى رەتكە سىلىپ، ياۋ ئۇستىگە ئاتلىنىپتۇ. پادىشاھ، مەلىكە، ۋەزىر-ۋۇزرالا ھەم پۈتۈن شە خەلقى شە سىرتىغا چىقىپ، ھاتەمنى ئۇزۇتۇپتۇ. گۈلقەمەر ھاتەمنى ئۇزۇتۇپ، شۇنداق غەزەل ئوقۇپتۇ:
ياۋنى يوقاتقىلى ماڭدىڭ،
ياۋنى ياڭگىلى ماڭدىڭ،
بى جۈپ يالمان قولاڭدا.
يۈرەك رىشتىم سەندە،

پۈتۈن ئارزۇيۇم سەندە،
كۆزۈم يولاڭدا،
ئىمىنلىكنى ئەلا بىلىپ،
ئاۋامنىڭ ئۈمىدىنى ئېلىپ،
يۈرۈپ كەتتىڭ سەن.
سېنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىپ،
كېچە-كۈندۈز ئىبادەت قىلىپ،
ئېتىكاپتا ئولتۇرامەن.
جىمى خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا،
نۇسرەت بىلەن جاۋاب ئېلىپ،
شەرەپ قۇچۇپ قايتىپ كەل،
قەھرىڭ بىلەن ياۋنى يېڭىپ،
ئەل كۆڭلىنى تىنجىتىپ،
خوش خەۋەر ئېلىپ كەل،
ئەمىن تاپسۇن جىمى ئەل.

يوللىرىڭغا پاياندار بولاپ،
ياتقان يېرىڭگە يېكەنداز بولاپ،
ئۈنسۇن گۈل-گىياھ،
پۈرەكلەپ ئېچىلسۇن گۈل-گىياھ.
كېچىسى مەدەت بېرىپ ئاي-يۇلدۇز،
كۈندۈزى مەدەت بىرىپ قۇياش،
ياغدۇرسۇن ساڭا نۇر-زىيا،

هاتەم دۈشمەن ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىپ، شۇنداغ
دەھشەتلىك جەڭ قىلىپتۇكى، ئەيىۇھەنناس، جەڭ دېگەن
بۇنداغ قىزىماس. لەشكەرلىنىڭ توۋلاشلىرى، ئاتلىنىڭ كىشـ
نەشلىرىدىن تاغلا تىترەپ، دەريا سۇلىرى تېشىپ كېتىپتۇ.
هاتەم ھەبى ئۇغان يالمان تاغلىنى كۇكۇم-تالغان قىلىپ، ئا-
لەمنى مەلەم قىپتۇ. بۇ سۆز-ھەتۈيدىن قوقىان ياۋ قوشۇنى
غال-غال تىترەپ، تەرەپ-تەرەپكە پىتراپ كېتىپتۇ. هاتەم
ياۋنىڭ كۈچتۈڭگۈر، جانباز، سەرۋاز، چەۋەنداشلىرىنى
سۈرۈپ يوقاي قىلىپ، ئۆز ماكانىغا ھەيدىۋېتىپتۇ.
ياۋ قاتتىق مەغلۇپ بولاپ، ئۆز ماكانىغا قېچىپ
كەتكەندىن سوڭ، هاتەم ئەلنىڭ مەڭگۈلۈك ئامان-ئېسەنـ
لىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، دۈشمەنلە كىرىتقان تاغ ئاغزىغا
قورغان سالدۇرۇش خۇسۇسىدا پادىشاغا مەلۇمات يوللاپـ
تۇ. پادىشاھ ھەم ۋەزىر-ۋۇزرالا بۇ تەكلىپنى توغرا
تېپىپ، بۇ جايدا قورغان سېلىش ئىشىنى هاتەمگە تاپشۇـ
رۇپ پەرمەن چۈشۈرۈپتۇ. هاتەم لەشكەرلىرى بىلەن بىللە
قورغاق سېلىشقا تۇتۇش قىپتۇ.

ئېرىنىڭ نۇسرەت قۇچۇپ ياۋنى يەڭگەنىنىڭ تاشاـ
يىندا، چېگرىدا قورغان قۇرۇشتەي ئۇلۇغ ئىشقا تۇتۇنغانـ
لىقىدىن خۇش بوغان گۈلقەمەر — هاتەمگە شۇنداق
مەكتۇپ يوللاپتۇ:
سېغىنىشلىغ سالام خەت،
سېغىنغاندا يازغان خەت.
سېغىنغاننى بىلگەنسە،
كۈتەي سېنى تائەبەت.

دۇۋايى سالام ساڭا،
مەزلىمىڭ گۈلقەمەرىڭدىن!
سېغىنىپ ئوتتا كۆيگەن،
ناتىۋان دىل خۇمارىڭدىن!

كېچە-كۈندۈز سېپىلدا،
يوللىرىڭغا لايتمە.
تاغدىن كەلگەن شامالدىن،
ئەھۋالىڭنى سۇرايتمە.

تىنىمگە تەگمىدى،
كۆينىكىمدىن ئۆزگىسى.
لىۋىمگە سۆيمىدى،
بىر سېنىڭدىن ئۆزگىسى.

سەلكىن شامال ئۇرۇلسا،
كۆينىكىم لىغىلدايتۇ.
يار سېنى سېغىنغاندا،
يۈرىكىم جىغىلدايدۇ.

ئايدىن سالام يوللۇدۇم،
كۈندىن سالام يوللۇدۇم.
ھېچ جاۋاب يانماي ماڭا،
ئۆز كۆڭلەمنى گوللۇدۇم.

خەت كەلدىمۇ دەپ باقتىم،
ئۈچۈپ ئۆتسە ياۋا غاز.
يىل تولاپتۇ ئايرىلىپ،
جۇدۇن ئۆتۈپ كەسە ياز.

يولۇڭغا تولا قالاپ،
كۆزلىرىم كەتتى قاماپ.

ۋىسالىڭغا تەلمۈرۈپ،
ھالىم خاراپ، ھالىم خاراپ.

سېغىنىشنىڭ ئوتلىرى،
كۆيدۈرگەننى بىلەرسەن.
سۇ سەپكىلى يۈرەككە،
قاچانلادا كېلەرسەن؟

ھاتەم گۈلقەمەرنىڭ خېتىنى كۆرەپ، سېغىنىش ئوتلىرى لاۋۇلداپ كۆيەپ، ھىجران ئوتتا قىلدەي تولغىنىپ، ۋىسال تەشنالىقىدا تەرەپ-تەرەپكە يۈلقۇنۇپ، سۆيگۈ پىراقىدا مىڭ ئۆلۈپ مىڭ تىرىلىپ، گۈلقەمەرگە شۇنداق جاۋاپنامە يېزىپتۇ:

ھاتەمسۇدا باقمەن،
دەريانىڭ ئېقىشىغا.
يازغان سالىمىڭ تەگدى،
يۈرەكنىڭ بېغىشىغا.

سالىمىڭنىڭ ئوتلىرى،
ياققۇن قىلدى يۈرەكنى.
مۇھەببىتىڭ زار قىلدى،
يارىڭ ھاتەم تەۋەكنى.

كۆڭلۈم غەمگە پاتقاندا،
تاغدا بۇلۇت ئەگىپتۇ.
قانسام ۋىسالىڭغا مەن،
ئاندىن يۈرەك سەگىپتۇ.

ۋىسالىڭنى كۆدەم مەن،
يۇملاق تولۇن ئايدىن.
يۈرىغىڭنى شامالدا،
ئېلىپ كېلىتۇ سايدىن.

تاغ ئارا راۋاپ چېلىپ،
خويما سېغىندىمغۇ سېنى.
يار كېلىپ ئوتتىن ئېلىپ،
سۇغا سالساڭچۇ مىنى.

ئۆڭكۈرنى ماكان ئەيلەپ،
تاش قۇچاقلاپ ياتۇرمەن.
سېغىندۇرغان يارنى دەپ،
يات ئارىدا قايتۇرىمەن.

خويما سېغىندىم يار سېنى،
سەنمۇ سېغىنغانسەن مېنى.
مۇڭدىشارمىز ئاخىرى،
ۋىسال تېپىپ بىر كۈنى.

تەخىر قىلغىن جانانىم
يات ئارىدا كېتەرمەن،
سۇدان ئۈزگىنە بېلىقتەك،
ۋىسالىڭغا يېتەرمەن.

ئەلقىسسە، ھاتەم بۇ تاغ ئاغزىدا 3 يىل تۇرۇپ، قورغاننى پۈتكۈزۈپتۇ. ياۋ قوشۇنى ھاتەمنىڭ قورغان سېپىلىشىغا قارشى نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلغان بوسىمۇ، ھاتەم ئۈلىنى سۇرۈپ تۇقاي قىلىپ، ئۇرۇشتا غەلبە قىلىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن تاغلىق تىنجىپ، چارۋىچىلا خاتىرجەم مال باقىتقان، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈتقان بولاپتۇ، يۇت باياشاتلىققا تولاپتۇ.

شۇ كۈنلىنىڭ بىستە، كۈن پېتىش تەرەپتىكى بى پادىشا بۇ تاغلىق يايلاقلىنى ئۈزىنىڭ قىلىۋېلىش غەرىزىدە، چىگرىغا كېلىپ، ھاتەم بىلەن سۆھبەتلىشىپتۇ. سۆھبەت داۋامىدا، پادىشا ھاتەمنى چېقىپ بېقىشقا:

— سىزنىڭ قانچىلەك ئەسكىرىڭىز با؟ — دەپ سۇراپتۇ. ھاتەم ئۇنىڭ غەرىزىنى چۈشىنىۋېلىپ:

— سىزنىڭكىدىن قېلىشمايتۇ. — دەپتۇ.

— مەن ئۇنىڭكۈندىن كېيىن سىزنى يوقلىغاچ، سىز ساغان قورغاننى كۆگىلى بارىتمە، — دەپتۇ پادىشا.

— ئەمىسە يوللىرىغا قالايتمە، — دە پتۇ ھاتەم.

ھاتەم يېنىپ كېلىپ، شۇنداغ خىيال قىپتۇ: پادىشانىڭ مەقسىتى قورغاننى كۆرەش ئەمەس، شۇ بانىدا لەشكە تاتىپ كېلىپ، بۇ يەلنى ئىگىلىۋېلىش. مېنىڭ لەشكەلىرىم ئۇنىڭكىدىن خېلىۋەك ئاز. ھەرگىز تەڭ كەگىلى بومايتۇ. شۇڭا ئۇنى كۈچ بىلەن ئەمەس، ئەقىل بىلەن يەڭگەن تۈزۈك. ھازىر قىش پەسلى، ئۇ كېلىتقان يول بۇيىدىكى ئېقىنلىدا سۇ يوق. ئۇلا يېرىم يولغا كەگەندە قاتتىغ ئۇسساپ كېتىتۇ. شۇڭا ئۈلىنى يېرىم يولدا ئايران بىلەن مېھمان قىلىپ جايلاي.

ھاتەم دەررۇ پەرمان چۈشۈرۈپ، ھەممە ئۆيلەگ سۈت چىقتقانلىكى ھايۋانلىنىڭ ھەممىسىنى سېغىپ، قاتىق ئۇيۇتۇپ، ئايران تەييالسۇن، قانچە جىق بوسا شۇنچە ياخشى، دەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەممە ئادەم ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئايران تەييالاشقا كىرىشىپتۇ. ھاتەم

ھېلىقى پادىشا كىلىتقان يولدىكى ئۈيۈل تاشلىق بى جىلغە-نى تۈساپ، بى كۆل ياستىپتۇ. پادىشا كىلىتقان كۈننىڭ ئالدىنقى كۈنى ھاتەم ياسالغان ئايرانلىقنىڭ ھەممىسىنى بۇ كۆلگە تۆكتىرەپتىكەن، كۆل تولاپتۇ. ھاتەم پادىشانىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئۇلار ئۇچرۇشۇپ قالسا، پادىشا بىر مۇنچە لەشكەلىنى ئەگەشتۈرۇپ كېپتۇ. بۇ پادىشانىڭ ئال-دىنقى قوشۇنىكەن. كەينىدە يىنا نەچچە لەك لەشكىرى بىيكەن. ئۇلا يول مېڭىپ يېرىم يولغا كەگەندە، لەشكەلە ئۇسساپ ھالىدىن كېتىپتۇ. پادىشاغىما ئۇسسۇلۇق يىتىپتۇ. پادىشا ھاتەمگە:

— ئىلى ھاتەم، لەشكەلىرىم ئۇسساپ كەتتى، مەما ئۇسسۇدۇم، ئۇسسۇلۇق بىلەن بىزنى قاندۇرالامسىز؟ — دەپتۇ.

ھاتەم شۇزات چاپارمەنگە بۇيرۇپتۇ:

— بېرىپ ئالدىمىزدىكى كەنتىڭگە خەۋەر قىلغىن، لەش-كەلىنىڭ ئۇسسۇلۇقىنى قاندۇرۇشقا ئايران تەييالسۇن.

چاپارمەن كىتىپ، ھايال ئۆتمەي يېنىپ كىلىپ ھا-تەمنىڭ ئۆگەتكىنى بۇيىنچە دەپتۇ.

— مەلۇم بولسۇن، ئالىلىرى، كەنتىدىكىلەر ئەمرىڭ-رىگە بىنائەن پادىشا ھەم لەشكەلىنى مىيمان قىلىشقا يولۋاس ئۇۋۇلغىلى تاققا چىكتىپتۇ. ئائىلىلىرىدە خوتۇن باللىرىغىچە بىيكەن، پەرمانلىرىنى يەتكۈزۇپتىم، ھە بى ئائىلە بى چىندىن ئايران ئەكىلىپ، «لەشكەلە كۈرەپ قاسا نامەھرەم بولىتۇ» دەپ، ئايرانىنى ئالدىمىزدىكى جىلغىغا تۆكەپ بېرىپ كەتتى.

ھاتەم پادشانى باشلاپ ھېلىقى جىلغىغا ئەكىپتۇ. پا-دىشا قالسا جىلغا ئايران بىلەن لىق تولاپتۇ. لەشكەلە قاند-غۇدەي ئىچىپ، تولۇملىرىغا چىڭقاپما ئايراننى تۈگەتەلمەپ-تۇ. پادىشا بۇنى كۈرەپ:

«بى كەنتىدىن بى ئائىلە بى چىندىن ئايران تۆكەپ جىلغىنى توشقازسا، ئاھالە بەك جىقكەن، ئەرلىرى يولۋاس ئۇۋۇلغىلى چىكەتكەن بوسا، ھەممىسى باتۇر ھەم ماھىر مەرگەنكەن. ھەرگىز تەڭ كەگىلى بومىغۇدەي» دەپ ئويلاپ، قوقاپ كىتىپتۇ. ھەم ھاتەم بىلە تىچلىق كىلىشىمى تۈزۈپ، قۇرۇقىنى خادا قىلىپ، يۇتىغا يېنىپ كىتىپتۇ.

بۇنىڭ بىلەن بۇ يۇت پۇتۇنلەي خاتىرجەملىككە ئې-رىشىپتۇ. ھېلىقى جىلغا «ئايرانلىق» دەپ ئاتىلىپتۇ ھاتەم-نىڭ نامى پۇتۇن ئەلگە پۇر كىتىپتۇ. كىشىلەر ئۇنى «ھاتەم پاشىشا» دەپ ئاتاپتۇ. ئۇ تۇغان يەردىكى دەيانى «ھاتەمسۇ» دەپ، ئۇ قورغان پۇتكۈچە پانالانغان ئۆڭ-كۈرنى «ھاتەم پاشىشا ئۆڭكۈرى» دەپ، ئۇ سالدۇغان قورغاننى «ھاتەم پاشىشا قورغىنى» دەپ، ئۇ ساقلىغان تاغ ئاغىزىنى «ھاتەم پاشىشا ئۆتكىلى» دەپ، بۇ ئۆتكەل-گە كىلىتقان يولنى «ھاتەم پاشىشا يولى» دەپ ئاتاپتۇ. ئېشقىلىپ، بۇ يەردىكى نەسلىنىڭ ھەممىسى ھاتەم پاشا-نىڭ ئېتى بىلەن ئاتىلىپتۇ.

ئەمدى گەپنى ئاستاندىن ئاڭلاڭ. قۇۋ تاز بالدۇقى نىيتىدىن يانماي، بى ئامال قىلىپ، مەلىكنى گوللاپ ئەمرىگە ئېلىۋېلىش كۇيىدىكەن. ئۇ بى كۈنى يالغاندىن چاچ-ساقال ياساپ، گىرىم قىلىپ، مويسىپىت سىياقىدا يا-سىنىپ، تۈن نىسپىدە مەلىكىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ ھەم مەل-كىگە دەپتۇ:

— ھەي مەلىكە، مەن خىزىر ئەلىكسالام، ماڭا سالام قىلماي نېمشقا ھاڭۋېقىپ تۇرسە؟

مەلىكە قۇۋ تازنىڭ ئەپتىدىن ئۇنى تونىيالماي، بۇ گەپكە ئىشىنىپ، دەررۇ سالام بىجا كەلتۈرۈپتۇ:

— ئەسسالام، خىزىر ئاتا، مۇبارەك قەدەملىرىگە با-رىكاللا. نېمە تاپشۇرۇقلىرى بىيكى؟

— ئېرىڭ ھاتەمگە دۈشمەننىڭ زەھەرلىك ئوقىياسى تېگىپ، سىكراتقا چۈشۈپ قالدى. ئوردىدىكىلە داداڭنىڭ ھەم سېنىڭ ئارامىڭنى بۇزماسلىق ئۈچۈن بۇ خەۋەرنى ئاشكارىلىمىدى. ئۇ سېنىڭ دىدارىڭنى بى كۈرۈشكە تەشنا. خالساڭ، مەن بىلەن ماڭ.

بۇ شۇم خەۋەردىن ئەقلى-ھۇشىنى يوقاتقان مەلىكە، دادىسىدىن ئىجازەت سۇراشنىمۇ ئۇنتۇپ، 2 كېنىزىكىنى ئېلىپ، ئاتلىرىغا مىنىپ، قۇۋ تازنىڭ كەينىدىن تاغقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. 2 كېچە-كۈندۈز مېڭىپ، تاغ ئارىسىغا كىرىپ، ئات ماڭالمايتقان يەگە كەگەندە، ئاتلىرىنى تاشلاپ، پىشادە يىنا ئىككى كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپتۇ. يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ئۇلا ئالا جۈيدىن ئۆتەپ، تىك قىيالىقتا كېتىۋاتقاندا، قۇۋ تاز كېنىزەكلىنى ياغا ئىتتى-ۋېتىپ، مەلىكىگە ئەپتى-بەشرىسىنى ئاشكارىلاپ، شۇنداق قوشاق ئوقۇپتۇ:

ئول پىراقى-ئول پىراق،
دىلدا ياندى ئىشتىياق.
ئىشتىياقنىڭ دەردىدە،
بىر كۈن ئاغرىق، بى كۈن ساق.

ئېتىزغا قوناق سالدىم،
قىرىغا يالاڭ سامساق.
ئىشقىڭدا تولا كۈيەپ،
بۇ دۇنيا بولدى دوزاق.

MIRAS

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تاغنىڭ يولى بەك ئۇزاق،
قالاپ كۆزەڭ تالمىسۇن.
ئىشقىڭدا سەۋدايى مەن،
ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن.

مەلىكە قۇۋ تازنى تونۇپ، دەر غەزەپ بولاپ، ئالدىراقسانلىق قىلىپ، قۇۋ تازغا ئىشەنگىنىگە مىڭ پۇشمان ئەيلەپتۇ.

مەلىكە قۇۋ تازنى تونۇپ، دەر غەزەپ بولاپ، ئالدىراقسانلىق قىسىپ، قۇۋ تازغا ئىشەنگىنىگە مىڭ پۇشمان ئەيلەپتۇ.

بېيىت:
قوناقلىقتىن ئوت ئالدىم،
بويىنى قارا ئەچكىگە.
شۇنداق ئىشەنگەن بامۇ،
كۆڭلى قارا ئەسكىگە.

غەزەپكە تولغان مەلىكە قۇۋ تازغا جاۋاب بېرىپ شۇنداق بېيىت ئوقۇپتۇ:

هاي شۇم نىيەت تاز،
كۆڭلى قارا تاز،
ھىلىگە قۇۋ تاز،
دىلى يارا تاز.
سىنى دارغا ئاسسا،
بېشىڭنى چاپسا،
ماتا بىلەن دۇدۇنىڭ،
ياغاچ بىلەن ئۇتۇنىڭ.
كۆڭلى قارا تاز،
دىلى يارا تاز،
بى- بىسكە ماس كېلەمۇ،
ئۆدەك بىلەن غاز؟
نىيىتىڭدىن يانغىن تاز،
يامان پەيلىڭدىن تانغىن تاز.
تووا قىل — تووا،
مېنىڭ جۇپتۇم با،
ھالال تەككەن ئىرىم با.
كۆڭلى قارا تاز،
دىلى يارا تاز،
شۇملۇق بىلە بۇ ئالەمدىن،
قىلىتكەن ساڭا،
مىڭ ئۆلەمۇ ئاز.
شۇ ھالىڭغا ئۆزەڭنى،
ماڭا لايىق كۆدەڭمۇ؟
ماڭا راۋا كۆدەڭمۇ؟
پەقى با بۇ جاھاندا،
كەتمە بىناماز.
تەڭرىم با كۆكتە،
ھەممىنى كۆرۈپ تۇرا،
بەندىلىرىنى كۆرەپ تۇرا،
بەندىدىن قوقمىساڭما،
خۇدادىن قوققىن،
تووا قىل، تووا.
قىلمىشىڭدىن ئۇيالغىن تاز،
ئەتمىشىڭدىن ئۇيالغىن تاز،
نىيىتىڭدىن يانغىن تاز،
ماڭا تولا قىلما ناز،
كۆڭلى قارا تاز،
دىلى يارا تاز.

مەلىكنى گەپكە كىر گۈزەلمىگەن قۇۋ تاز مەلىكىگە زورلۇق قىلىشقا ئۇرۇنۇپتۇ، مەلىكە قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بوسما، قۇۋ تاز غۇلۇس ھەم كۈشلۈغ بولغاچ، مەلىكىنىڭ كۈچى يەتمەپتۇ. مەلىكە ئار- نومۇسنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ھاڭدىن ئۆزىنى تاشلاشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، دۆڭ تۆپىسكە ئاپئاق ساقاللىغ، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىتەقان بى بوۋاي پەيدا بولاپ، قۇۋ تازغا شۇنداغ دەپتۇ:

— ھەي قۇۋ تاز، ھەي قۇۋ تاز. سەن مېنىڭ سىياقىمدا ياسىنۋېلىپ، مېنىڭ نامىمنى بولغىغانىنى ئاز دەپ، مەلىكىگە زورلۇق قىلىپ، ئەدەم قەلپىدىن چىقىپ كەتتىڭ، ئۆزەڭگە قىلدىڭ. رايىڭ بويىنچە ھايۋان بول!

خىزىر ئەلەيھىسسالام قۇۋ تازغا قارىتىپ، ھاسىسىنى بى شىلتىپتىكەن، قۇۋ تاز كالىغا ئوخشايتقان بى ھايۋانغا ئۆزگىرەپ قېپتۇ. ئۇنىڭ يالغان چاچ- ساقاللىرى ئۇزۇن تۈك بولاپ، پۈتۈن بەدىنىنى قاپلاپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشتىن قوقاپ كەتكەن قۇۋ تاز، تاغ ئارىسىقا بەدەر تىكىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن تاتىپ، قۇۋ تاز ئەدەم با يەگە كېلەلمەي، تاغ ئارىستا بۇكۇنۇپ يۈرۈپ ياشايتقان بولاپتۇ. بۇ غەلىتە ھايۋان شۇنىڭدىن تاتىپ قۇۋ تازنىڭ ئېتى بىلەن «قۇۋ تاز» دەپ ئاتىلىپ، كىنچە «قوتاز» بولاپ قېپتۇ.

بېيىت:
كىمكى يامانلىق ئىستىسە،
ئۆز بېشىنى ئۆزى يە.
كىمكى قۇۋلۇقنى دوس تۇتسا،

ئۆز ئىشىغا قۇرا ئۇزى جىلە.
كىمىكى شۇملۇقنى يار تۇتسا،
ئۆز ئېشىغا ئۆزى سالار تۇپا.
كىمىكى ياخشىلارنى قەسلىسە،
ئۆز يۇلىغا ئۇزى كالا ئۇرا.
ئىبرەت ئېلىگىلا قۇۋ تازدىن،
سۇرىتى قۇبەددەل شۇم تازدىن،
نىيىتى قارا تۇم تازدىن.
ياخشىلىق ئىستەگىلا،
يامانلىق سېغىنماگىلا،
ياخشىلىق ئادەمنىڭ زىننىتى،
يامانلىق ئەدەمنىڭ دۇشمىنى،
ئىبرەت ئېلىگىلا قۇۋ تازدىن.

ئەلقىسسە، بۇ چاغدا خىزىر ئەلەيھىسسالام مەلىكىگە ھەقىقي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ قۇياپ، كۆزدىن غايىب بۇلاپتۇ. مەلىكە قايىغىغا مېڭىشنى، نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشنى بىلەلمەي، بېشى قېيىپ، بىئەجەل ئۇلەپ كەتكەن كېنىزەكلىرىگە ئىچ ئاغرىتىپ يىغلاپ ئولتۇسا، بۇ يەگە پادىشا لەشكە باشلاپ كىپقىپتۇ. ئەسلىدە، پادىشا بىسىنىڭ مەلىكىنى ئالداپ كەتكەنلىكىنى ئاگلاپ، دەررۇ ئۆزى لەشكە تارتىپ، كەينىدىن قوغلاپ كىپتىكەن. مەلىكە دادىسىنىڭ ھەمرالىقىدا ھاتەم قورغان ياسىتىۋاتقان يەگە كېلىپ، ھاتەم بىلەن دىدارلىشىپتۇ. قارىسا بۇ يەنىڭ ھاۋاسى سالقىن، تۇپا-چاڭدىن، ئەتراپ يېپيېشىل ئوتلاق، سۇلىرى ئەلۋەك ياخشى جايكەن. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە دادىسىدىن ئىجازەت ئېلىپ، ئېرى ھاتەم بىلەن بۇ يەدە چېگرانى قوغداپ تۇرۇپ قېپتۇ.

ئۇلا ئۇچ ئۇغال يۇزى كۇرەپتۇ، چوڭ ئوغلىنىڭ ئېتى مەردان، ئوتتۇرانجى ئوغلىنىڭ ئېتى مەۋلان، كەنجى ئوغلىنىڭ ئېتى جەۋلانكەن. ساپ ھاۋالىق تاغدا ئۇسەپ يېتىلگەن بالا بى-بىستىن ئەقىللىق، بى بىستىن جەسۇر، غەيرەت-شىجائەتلىگ، ئىجىل ئىناق چوڭ بۇلاپتۇ، ئۇلىنىڭ بىسى ماھىر قىلىچۋاز، بىسى ماھىر كامالداز، بىسى ماھىر نەيزىۋاز بۇلاپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. يېقىن-نىراقتا ئۇلىغا تەڭ كەگۇدەي جانباز يوقكەن. شۇڭا ھاتەم ھەم ئۇنىڭ باللىرىدىن تەپ تاتقان دۇشمەنلە يېنىشلاپ بۇ زېمىنغا كېلەلمەپتۇ.

يىللا بى-بىسىنى قوغلىشىپ، پادىشاغا قېرىلىق يېتىپتۇ. شۇڭا پادىشا ئەمىر قىسىپ، تاغ ئاغىزىدا چېگرانى ساقلىۋاتقان كىشوغلى ھاتەمنى ئۇنىغا تەخت ۋارىسى قىلىپ جاكالاپ، ئۇنىڭ ئاستانىغا كېلىپ، تەختتە ئولتۇرۇشقا پەرمان قىپتۇ. ھاتەم دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ھەم قىياناتىسىنىڭ ئەمرىنى ئەلا بىلىپ، ئوغاللىرىنى بۇ قورغاندا 3 يىلدىن تۇرۇپ، نۆۋەت بىلەن چېگرىنى ساقلاشقا پەرمان قىلىپ، چوڭ ئوغلىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، ئاستانىغا قالاپ يولغاچىقىپتۇ.

يېرىم يولغا كەگەندە، ھاتەم بى ياندامدا ئۆزلىرىگە قالاپ تۇغان يا كالىغا يا باشقا ھايۋانغا ئوخشىمايتقان غەلىتە بى مەخلۇقنى كۇرەپ، كاماندار ئوغلىغا ئۇنى ئېتىشنى بۇرۇپتىكەن، گۇلقەمەر دەررۇ تۇساپ:

— ھاي، ئۇنى ئاتماگىلا. ئۇ باشقا نەسە ئەمەس، ياۋا كالىغا ئۆزگىرەپ كەتكەن قۇۋ تاز شۇ — دەپتۇ.

ئەسلىدە، مەلىكىنىڭ كەتمەكچى بوغانلىقىنى ئاگلىغان قۇۋ تاز يول بويىغا كېلىپ، ئۆز تۇۋىسىنى بىلدۇرۇشكە ساقلاپ تۇرۇپتىكەن. مەلىكە قۇۋ تازنى ئاتقىلى قويمىغاندىكىن، قۇۋ تاز ئۇلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، مەلىكىگە يىغلاپ، كۆز يېشى بىلەن ئۆز تۇۋىسىنى بىلدۇرۇپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، شۇنداق دەپتۇ:

— ئى، قۇۋ تاز، سېنىڭ قۇۋلۇقۇڭ، رەزىللىكىڭ ئۆزەڭنىڭ بېشىغا چىقتى. تۇۋا قىپسە، ياخشى بۇلاپتۇ، لەيكىن سېنى ئەسلىگە كەلتۇرۇش مېنىڭ قۇلامدىن كەلمەيتۇ. ياخشىسى سەن چوڭ ئوغلامنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ خىزمەتتە بول. شۇنداق قىلساڭ، يىنىلام ئەدەملە ئارىستا ياشىيالايسە، ئابدان ئىشلەپ گۇنايىڭنى يۇساڭ، كۇنلەنىڭ بىستە ئاللانىڭ رەخمىتىگە ئىرىشىپ، ئەسلىگە كىپ قاساڭ ھەجەپ ئەمەس.

قۇۋ تاز مەلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇپ، مەلىكىنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بۇلاپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ قۇۋ تاز كىشىلىگە تاغلىقتا خىزمەت قىلىتقان ھايۋانغا ئايلىنىپتۇ.

(ئەسەر تىلى خوتەن شىۋىسى بويىچە ئېلىندى).

2006 - ، 2007 - يىللىرى توپلاپ قەلەمگە ئېلىنغان.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: ئەيسا تۇران، ئەلنەغمىچى، ساۋاتلىق، كېرىيە ناھىيە لەنگەر يېزىسىدىن. 1996 - يىلى 78 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

مەمتىمىن قۇربان، 42 ياش، ساۋاتلىق، كېرىيە ناھىيە مۇغاللا بازىرى قاتتىقكۆن كەنتىدىن، دېھقان.

ئىبدى بارا، 80 ياش، ئاتچان يېزا پۇلۇ كەنتىدىن، چارۋىچى، ساۋاتلىق.

توپلىغۇچى: ئابدۇرىشات توغرۇل. كېرىيە ناھىيە مەدەنىيەت-تەنتەربىيە ئىدارىسى

www.uyghurkitap.com



# تائاملار سۇلتانى — پولۇ

ئابلىز مۇھەممەد سايرامى

خەلقىمىزدە «پولۇ»، «قويۇقئاش»، «گۈرۈچ ئاش» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ قەدىمىي ئېسىل تائام ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى تەركىبىدىكى ئەزىز مېھمانلارغا خاس ئالاھىدە تائاملار ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان، ئىسمى-جىسمىغا لايىق «سۇلتان»لىق ھۆرمەت سالاھىيىتىگە ئىگە قەدىمىي تائام ھېسابلىنىدۇ.

پولۇ — دەرۋەقە تارىختىن بۇيان خەلقىمىز تۇرمۇشىدا ئومۇملاشقان، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، تەمى مەززىلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئۆزىگە خاس گۈزەللىك قىممىتىگە، ئېتنوگرافىيەلىك قىممەتكە، مەدەنىيەت قىممىتىگە ۋە تارىخىي قىممەتكە ئىگە تائام. ئۇيغۇر يېمەك-ئىچمەك، غىزا-تائاملىرىدا بولۇپمۇ ئون نەچچە خىل پولۇدا دىيارىمىزنىڭ كىلىمات ئالاھىدىلىكى، مىللىتىمىزنىڭ فولكلور ئالاھىدىلىكى، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى، گۈزەللىك قارىشى، ساقلىق ساقلاش، تېبابەتچىلىك قارىشى، فىزىئولوگىيەلىك ئېھتىياجى، پسىخىك ئېھتىياجى، قىممەت قارىشى قاتارلىقلار چىقىش قىلىنغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ پولۇسىنىڭ تۈرى ۋە تەمى ھازىرمۇ دۇنيادا شۇ خىل تائام ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئالاھىدە ئەھۋال بەلكىم پولۇنىڭ كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان بىزنىڭ يېمەك-ئىچمەك تۇرمۇشىمىزدا ئىنتايىن چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، پسىخىكىمىزغا ۋە قان-قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

پولۇنى «غىزا-تائاملار سۇلتانى» دەپ ئاتاشتىكى سەۋەب، مېنىڭچە ئۇ ئەڭ ئەزىز ۋە ئالىي ھۆرمەتكە سازاۋەر مېھمانلار ھۆرمىتىگە خاس سالاپىتى ۋە كاتتا ئابرۇيى بىلەن ئەزىز مېھمانلار داستىخىنىغا قويۇلىدىغانلىقىدىن تاشقىرى، يەنە چوڭ-كىچىك مۇراسىم-مەرىكىلەردە، ھېيت ۋە نورۇز كۈنلىرىدە چوقۇم داستىخانغا پولۇ قويۇلۇشى لازىملىقىدا بولسا كېرەك.

پولۇ ئادەتتە گۆش، ماي، سەۋزە، پىياز ۋە گۈرۈچتىن تەييارلىنىدۇ. ئاۋۋال گۈرۈچ سوغۇق سۇدا پاكىز يۇيۇلىدۇ، ئاندىن ئېھتىياجغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. گۆش چوڭ-چوڭ پارچىلىنىدۇ، سەۋزە قەلەمچە توغرىلىدۇ. ئالدى بىلەن گۆش قىزىق مايغا سېلىنىپ ئوبدان قورۇلغاندىن كېيىن، پىياز سېلىنىپ ئۈچ-تۆت قورۇلۇپ، تۇز، سەۋزە سېلىنىپ ئوبدان قورۇلۇش بىلەن سۇ قۇيۇپ ئوبدان قايىنتىلىدۇ. سۇيى پىشقاندىن كېيىن گۈرۈچ سېلىنىپ تەكشى قايىنتىلىدۇ. گۈرۈچ سېلىنغاندا ئالدى بىلەن ئارىلاشتۇرماي تەكشى قايىنتىلىدۇ. ئاندىن ئۈستى قىسمى ئاز-تولا ئۆرۈپ-چۆرۈلۈپ ئاستىغا تېگىلمەيدۇ. گۈرۈچ يۇمشاق ھالەتكە كەلگەندە دۆملىنىپ ئوچاق قىزىقلىقى ۋە چوغ تاۋىدا يېرىم سائەتچە تۇرغۇزۇلىدۇ. ئاش دەم يېگەندە مەززىلىك پۇراق كېلىدۇ. بۇ، ئاشنىڭ پىشقانلىقىنىڭ ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ. ئاندىن تۇۋاق ئېچىلىپ گۈرۈچ، سەۋزە تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ، لېگەن ۋە باشقا قاچىلارغا ئۇسۇلىدۇ.

تارىختىن بۇيان ھەر خىل نېمەتلەرگە باي، يېمەك-ئىچمىكى كەڭتاشا، مەمۇرچىلىق بۇ ئانا دىيار قوينىدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ئۆز تارىخىدا كۆپ قېتىم كۆچۈپ يۆتكەلگەن، كۆپ قېتىم دىنىي ئېتىقاد ئالماشتۇرغان، كۆپ خىل تىل-يېزىق ئىشلەتكەن ۋە كۆپ خىل مەدەنىيەت بىلەن ئۇچراشقان بولسىمۇ، ئەمما يېمەك-ئىچمەك، غىزا-تائام مەدەنىيىتىدىكى ئىزچىللىقنى يوقىتىپ قويمىغان، ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ گۇل-تاجى-سۇلتانى بولغان پولۇنىڭ دىيارىمىزدىكى تارىخىي يىلتىزىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى تارىخ-ئارخېئولوگىيە مەنبەلىرى ئىزچىل دەلىللەپ كەلدى.

**پولۇغا ئالاقىدار ئارخېئولوگىيەلىك ماددىي ئىسپاتلار**

پولۇغا ئالاقىدار ئارخېئولوگىيەلىك ماددىي ئىسپاتلار دېيىلگەندە، ئەلۋەتتە، نەق پولۇنىڭ ئۆزى ئەمەس (ئەلۋەتتە، قەدىمكى قەبرىلەرگە قويۇلغان پولۇلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللاپ قارا يەر ئاستىدا ساقلىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى)، بەلكى پولۇنىڭ ماددىي ئاساسى بولغان گۈرۈچ-سەۋزە، چامغۇر قاتارلىق پولۇنىڭ ماددىي شارائىتىنى ھازىرلايدىغان خۇرۇچلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ھازىرغىچە دىيارىمىزدا يۈرگۈزۈلگەن ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىشلار نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، دىيارىمىزدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلار بۇغداي، تېرىق، ئارپا، قوناق، چۈچگۈن (سۆك)، گۈرۈچ قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنى، قىچا، زىغىر، كۈنجۈت قاتارلىق مايلىق زىرائەتلەر ۋە ھەر خىل پۇرچاق تۈرلىرىنى، جۈملىدىن تۈرلۈك كۆكتات، مېۋە-چېۋىلەرنى تېرىپ ئۆستۈرۈپ ئۆزلىرىنىڭ ئوزۇقلۇقى قىلغان.

A. پولۇنىڭ ئاساسىي خۇرۇچى بولغان گۈرۈچ دىيارىمىزدا مىلادىيەنىڭ ئالدى-كەينىدىن ئېتىبارەن تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن. مەسىلەن، 1995-يىلى ئارخېئولوگلار لوپنۇر ناھىيەسى تەۋەسىدىكى يىڭپەن قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتا M19-نومۇرلۇق قەبرىدىن شال پاخلىنى قېزىۋالغان ①. قەدىمدە دىيارىمىزنىڭ ھاۋاسى ئىسسىق، سۇيى ئەلۋەك بوستانلىقلىرىدا گۈرۈچ تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن بولسا كېرەك.

B. جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخنامىلىرىنىڭ «غەربىي يۇرت تەزكىرىلىرى»دە دىيارىمىزدا شال تېرىپ ئۆستۈرۈشكە ئالاقىدار بايانلار بار.

مەسىلەن، «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى. جىننامە. سۇينامە» (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001-يىل نەشرى)نىڭ 425-بېتىدە ئاگنى ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ: «... خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئەل... ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى سوغۇق، يېرى مۇنبەت، ئاشلىقتىن شال، سۆك، تېرىق، بۇغداي تېرىلىدۇ»، دېيىلگەن.

«سۇينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە نەشرى)نىڭ 1852-بېتىدە: «كۇسەن بەگلىكى... شال، تېرىق، پۇرچاق، بۇغداي، سېرىق مەرگىمۇچ، قارىمۇچ، زىرە كۆپ ئۆستۈرۈلىدۇ»... دېيىلگەن.

«ئۇلۇغ تاڭدىن غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»نىڭ 3-بېتىدە: «كۇسەن بەگلىكى... تۇپرىقى تېرىق، بۇغداي ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدۇ، قىسقا غوللۇق شال بار...» دېيىلگەن.

«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. يات ئەللەر تەزكىرىسى»نىڭ 14123-بېتىدە: «كۇسەن بەگلىكىدىن شال، بۇغداي ۋە مېۋە-چېۋىلەر كۆپ چىقىدۇ»، دېيىلگەن.

«كىتابلار جەۋھىرى»نىڭ 11299-بېتىدە:



«كۆسەن بەگلىكى... شال، پۇرچاق، بۇغداي كۆپ...» دېيىلگەن.

«غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم»دا: «غەربىي دىياردا ھەممە زىرائەتلەرنى تېرىشقا بولىدۇ، ... ئەمما بۇغداي ئاق ئاشلىق ھېسابلىنىدۇ، شال - كېۋەزلەر ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ...»، دېيىلگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا دىيارىمىزدىكى قەدىمكى شەھەر - قەلئە خارابىلىرى بىلەن كونا قەبرە - يادىكارلىقلاردىن قېزىۋېلىنغان ھەر خىل تىل - يېزىقلاردىكى ۋەسىقىلەردىمۇ شال تېرىغانلىق، بازاردا گۈرۈچ ساتقانلىق، ئالغانلىق، گۈرۈچ قەرز بەرگەنلىك ۋە قەرز ئالغانلىق، گۈرۈچنى باشقا نەرسىلەرگە ئالماشتۇرغانلىققا ئائىت ھېساب - كىتاب دەپتەرلىرى بىلەن ھۆججەت، تىلخەتلەر تېپىلغان.

## پولۇغا ئالاقىدار خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەر

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمكى دەۋرلەردىن بۇيان ئەجداد - ئەجدادلىرىدىن داۋاملاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىپ كەلگەن ئېسىل تائام - غىزالار سۇلتانى پولۇ ئەجدادلار كۈندىلىك تۇرمۇشىدا، مۇراسىم - مەرىكە، نەزىر - چىراغ، توي - تۆكۈنلەردىكى غىزا - تائاملىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇش بىلەن بىللە، مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدىن باشلاپ يىپەك يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا دىيار ئاھالىلىرى ئارىسىغىمۇ تارقالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر پولۇلىرى خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردىمۇ تىلغا ئېلىنىشقا باشلىغان.

مەسىلەن، پولۇنىڭ غۇز تائاملىرىغا مەنسۇپلۇقى ھەققىدە تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن قەشقەرلىك بۇددا ئالىمى، تىلشۇناس خۇيلىن «نوملار شەرھى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 37 - جىلدىدىكى «دارنىلار»نىڭ 12 - سىدە: «پوشكال ئەسلىدە غۇزلارنىڭ يېمەكلىكىدۇر، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر ئۇنى تەقلىد قىلىپ پىشۇرغان ۋە سەل ئۆزگەرتكەن... غۇز يېمەكلىكى دېگىنىمىز پولۇ «毕罗»، قوتۇرماچ «烧饼»، غۇز نېنى «胡饼»... قاتارلىقلاردۇر»④ دەپ خاتىرە قالدۇرغان. دېمەك، پادىشاھ خەن لىڭدى ياخشى كۆرىدىغان ئېسىل تائام پولۇ ئەينى ۋاقىتتا، خەنزۇ خەلقى ئارىسىدىمۇ خۇددى ئۇيغۇرلار ئاتىغاندەك، «پولۇ» (毕罗) دېگەن ئاھاڭ تەرجىمىسىدە ئەينەن ئاتالغانلىقى مەلۇم.

تاڭ دەۋرىدە يېزىلغان «يۇۋياڭ مەجمۇئەسى» دېگەن كىتابتا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزى چاڭئەندە پولۇ (毕罗) ساتىدىغان ئاشپۇزۇللار بولۇپلا قالماي، بەلكى مەخسۇس پولۇ كوچىسىمۇ بار ئىدى، دەپ خاتىرىلەنگەن ⑤. شياڭ دا ئەپەندى: «پولۇ، سانسكرىتچىدە Pilan ياكى pilow، pilai دەپ ئاتىلىدۇ. بىلو (毕罗) ئەمەلىيەتتە سانسكرىتچىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمـ

2010.3

سى» دەپ كۆرسىتىدۇ⑥. بۇنىڭدىن باشقا تاڭ دەۋرىدىكى قەشقەرلىك تىلشۇناس ئالىم خۇيلىننىڭ «نوملار شەرھى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 37 ـ جىلدى ھېسابلانغان «دارنىلار»دا ئەينى زاماندا غەربىي يۇرتتىن ناندىن باشقا پولۇ قاتارلىق تائاملار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ كىرگەنلىكى ۋە ناھايىتى بازار تاپقانلىقى خاتىرىلەنگەن⑦.

## پولۇنىڭ تارقىلىشى ۋە تەرەققىياتى

لىلىڭ خۇ يازغان: «خەن، تاڭ دەۋرىنىڭ يېمەك مەدەنىيىتى تارىخى» دېگەن كىتابتىكى بايانلارغا قارىغاندا، دىيارىمىزنىڭ نان، توقاچ، قاتلىما، پولۇسى، تاتلىق ئۈماچ، ھالۋا، ئۈزۈن چۆپ (ئۈگرىنى دېمەكچى) قاتارلىق ئۇندىن تەييارلىنىدىغان غىزا ـ تائاملىرى خەن دەۋرىدىن باشلاپ يىپەك يولىنى بويلاپ ئوتتۇرا دىيارغا تارقىلىپ كىرگەن. بۇ ئۇيغۇر غىزا ـ تائاملىرى دەسلەپتە خان ـ پادىشاھلار، ئوردا ئەمەلدارلىرى، پۇلدار ـ باي، ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىدىكىلەرنىڭ بەس ـ بەستە كۆز ـ كۆز قىلىپ يېيىشىدىغان ئادىتىگە ئايلانغان بولسا، كېيىنچە پايتەخت جامائەتچىلىكى، ئاندىن پۇقرالارمۇ ئىستېمال قىلىدىغان ئادەتكە ئايلانغانلىقى مەلۇم.

غەربىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىب شۇ جيې «غوز تائاملىرى ھەققىدە قاپىيەلىك پىروزا» دېگەن ئەسىرىدە كاۋاپ، پولۇ، نان، ئۈگرە ئاش قاتارلىقلارنى قالتىس گۈزەل مىسرالار بىلەن مەدھىيەلىگەن بولسا، «تەيپىڭ شىڭگۇ يىللىرىدا خان يارلىقى بىلەن تۈزۈلگەن كىتابلار قامۇسى»دا خەن دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن جاۋچى شىمالىي دېڭىز تەرەپلەردە خۇ (ئۇيغۇر) تائاملىرى سودىسى بىلەن بېيىپ كەتكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. شەرقىي جىن سۇلالىسىدە ئۆتكەن داڭلىق خەتتات ۋاڭ يى ياش چېغىدا ئۇيغۇر تائاملىرىنى يەپ باققانلىقىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر قاتلىمىسى، توقچى، ھالۋىسى ۋە پولۇسى قاتارلىقلارنىڭ ناھايىتى تەملىك، مەززىلىك بولىدىغانلىقىنى ئەسكە ئېلىپ ئۆتكەن.

«تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابتا بايان قىلىنىشىچە، تاڭ دەۋرىدىكى بىر قانچە كوچىلاردا ئۇيغۇر مەھەللىلىرى شەكىللەنگەن⑧. بۇ ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ناھايىتى ئاۋات بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز قاينام ـ تاشقىن كەيپىيات ۋە يېمەك ـ ئىچمەك سودىسى بەك قىزىپ كەتكەن. ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە پولۇ (毕罗)، چۆپ، بۇغداي ئېشى (سارماچۇق ۋە ئۈگرە)، نان ـ توقاچ، قاتلىما، شورپا ساتىدىغان داڭلىق ئاشپۇزۇللار، مەخسۇس پولۇخانىلار (毕罗食店)، لوپنۇر ھارىقى، تۇرپان ۋە كۇچانىڭ ئۈزۈم ھارىقى دۇكانلىرى، مەيخانىلار، بەزمىخانىلار، مال ـ سارايلىرى، مېھمانخانىلار ۋە دەڭلەر بولغان. بۇ ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى ۋە تىياتىرلىرى قويۇلۇپ تۇرغان⑨.

«ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»نىڭ 232 ـ جىلدىغا قارىغاندا، يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتە يەنىلا غەربىي يۇرتتىن يىپەك يولى بويلاپ لوياڭ، چاڭئەنلەرگە ئۈزۈلمەي كىرىپ تۇرغان ئۇيغۇر تائاملىرى بازار تېپىپ، يەرلىك خەلقلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. بولۇپمۇ قوي گۆشى باسقان مەززىلىك پولۇلار، چوشقا گۆشى، سۆك ۋە شوۋىگۈرۈچكە ئادەتلەنگەن خەلقلەر ئۈچۈن بىر خىل يېڭىلىق تۇيۇلۇپ، ئۇيغۇر پولۇلىرىنىڭ باھاسى ئۆرلىگەن، ساقال ـ بۇرۇتلۇق ئۇيغۇر ئاشپۇزۇل خوجايىنلىرى ھەسسىلەپ پايدىغا ئېرىشكەنلىكى مەلۇم⑩.

ئۇيغۇر تائاملىرى تاڭ سۇلالىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان 300 يىلغا (618 ـــ 907) يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، ۋېي ـ جىن، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر ۋە سۇي سۇلالىسى دەۋرىدىكى پايتەخت چاڭئەن، لوياڭ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە داۋاملىق داڭق چىقىرىپ راۋاجلانغان ھەمدە تاڭ دەۋرى يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىگە مۇھىم تارىخىي تۆھپىلەرنى قوشقان ئىدى. ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمىكىگە بولغان قىزىقىش تەيزۇڭ، گاۋزۇڭ، شۈەنزۇڭ پادىشاھتىن تاكى بەزى ۋاڭ، گۇاڭلارغىچە، ئايماق ـ مەھكىمىلەر ئەمەلدارلىرىدىن تاكى جەندە ـ كۇلالىق گاداي ـ پۇقرالارغىچە ئومۇمىي ئاھالە ئىچىدە بىر ئىجتىمائىي مەدەنىي ھاۋاغا ئايلانغان.

سۇڭ سۇلالىسى (960 ـ 1279) دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلار بىلەن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ سودىسىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەكلىرى يەنە بىر زامان مودىغا ئايلانغان، بولۇپمۇ نان ـ توقاچ، قاتلىما، گۆشلۈك پولۇ قاتارلىق ئېسىل، مەززىلىك غىزا ـ

تائاملار ناھايىتى بازار تاپقان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يۈەنلاۋنىڭ «شەرقىي ئاستانىدە ساقلانغان خاتىرىلەر» دېگەن كىتابىدا، شىمالىي سۇڭ خانلىقىنىڭ مەركىزى كەيفېڭنىڭ ئاۋات مەنزىرىسىنى تەسۋىرلىگەندە، كەيفېڭ شەھىرىدىكى ئۇيغۇر ئاشپۇزۇللىرىدا نان-توقاچلار، چۆپلەر، ھېسىپ-كاۋاپلار ۋە مەززىلىك گۆشلۈك پولۇلارنىڭ بازىرى ئىتتىك ئىكەنلىكى، كىشىلەر بەس-بەستە ئېلىپ يېيىشىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

موڭغۇل — يۈەن سۇلالىسى (1279-1368) دەۋرىگە كەلگەندە تۇرپان ۋە بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار ئەتراپى)تىن ئون مىڭ ئۇيغۇرنىڭ ئىچكىرىگە كۆچۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر غىزا-تائاملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىچكىرىگە تارقالغان، ھەتتا موڭغۇللار ئوردىسىنىڭ ئاشپەزلىرى، مۇئەللىملىرى، تېۋىپلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر بولغاچقا، ئۇيغۇر تائاملىرى يەنىمۇ كەڭ دائىرىدە تارقالغان. بولۇپمۇ يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا تائام تەييارلاش ئۇستازى بولغان ھەم «تائام تەييارلاش دەستۇرى» ناملىق يېمەك-ئىچمەك ھەققىدە مەخسۇس كىتاب يازغان مەشھۇر ئۇيغۇر تائامشۇناسى قۇسقۇي ئۇيغۇر تائاملىرىنى ئىچكىرىدە ئومۇملاشتۇرۇشتا كاتتا رول ئوينىغان ⑪.

دېمەك، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىگە قوشقان تارىخىي تۆھپىسىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. ئۇيغۇرلار ھازىرقى كۈندىمۇ غايەت زور يېمەك-ئىچمەك سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەنلىكى خەلقئالەمگە ئايان. يېقىنقى يىللاردىكى خەلقئارالىق سودا ئالماشتۇرۇشنىڭ گۈللىنىشى، يىلىغا مىليونلاپ مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ دىيارىمىزدا سەيلە-ساياھەتتە بولۇشى، بولۇپمۇ ئۆرپ-ئادەت ساياھەتچىلىكىنىڭ ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگىچە كېڭىيىشى ئۇيغۇر تائاملىرىنى خەلقئاراغا تونۇتتى. ئۇيغۇر تائاملىرىنى ئىستېمال قىلىدىغان ئادەم كۆپ، تائام تۈرى جىق، تولىمۇ تەملىك، يۇقىرى سۈپەتلىك، تەم-پۇرىقى ئۆزگىچە بولۇپ مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى نەچچە مىليون سەيلە-ساياھەتچىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلدى. ماھارىتى كامالەتكە يەتكەن ئۇيغۇر ئاشپەزلەر تائام پىشۇرۇش مەدەنىيىتىنى تارقاتقۇچىلار سۈپىتىدە جۇڭگو يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىگە ئۆز ھەسسىسىنى قوشۇپلا قالماي، بەلكى بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتمەكتە⑫. ھازىر مەملىكەت ئىچىدىكى مىڭلىغان شەھەر، بازارلاردا ۋە توكيو، لوندون، موسكۋا، نيۇيورك، پارىژ، ئامستېردام، يېڭى دېھلى... قاتارلىق يۈزلەرچە خەلقئارالىق مەشھۇر شەھەرلەردىمۇ ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ داڭقى چىقىپ، ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىچە غىزا-تائاملىرى پۈتۈن دۇنياغا تونۇلۇۋاتىدۇ.

ئىشىنىمىزكى، كەلگۈسى خەلقئارا سودا ئالماشتۇرۇشنىڭ گۈللىنىشى، يېڭى يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى، سەيلە-ساياھەتنىڭ ئاۋاتلىشىشىغا ئەگىشىپ تەملىك، مەززىلىك، يۇقىرى سۈپەتلىك، پۇرىقى ئۆزگىچە ئۇيغۇر غىزا-تائاملىرى، جۈملىدىن غىزا-تائاملار سۇلتانى بولغان مەززىلىك پولۇسى دۇنيا بازارلىرىنى قاپلىغۇسى.

ئىزاھاتلار:

①، ②، ⑤، ⑥، ⑦ ئىسرائىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، 2006-يىل مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى 124-، 511-، 319-بەتلەرگە قارالسۇن.

⑧، ⑨ ئابلىز مۇھەممەد سايرامىنىڭ: «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پايتەخت چاڭئەندە شەكىللەنگەن ئۇيغۇر مەھەللىلىرى» («شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1992-يىل 12-ئاينىڭ 1-كۈندىكى سانىدا)، «ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى پايتەختى چاڭئەندىكى سودا-تىجارىتى» («شىنجاڭ يېزا-بازار پۇل مۇئامىلىسى»، 1998-يىل 1-، 3-، 4-سانلىرىدا) ۋە «ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى» («ئاسىيا كىندىكى گېزىتى»نىڭ 1994-يىل 12-ئاينىڭ 22-كۈندىكى سانىدا) قاتارلىق ماقالىلىرىگە قارالسۇن.

⑩ ئابلىز مۇھەممەد سايرامىنىڭ «ئۇيغۇر پولۇچىلىقى چاڭئەندە» («شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1992-يىل 12-ئاينىڭ 16-كۈنى سانىدا) ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن.

⑪ ئابلىز مۇھەممەد سايرامىنىڭ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 185-، 189-بەتلىرىدىكى تائامشۇناس قۇسقۇي تونۇشتۇرۇلغان ماقالىگە قارالسۇن، 1991-يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.

⑫ ماشىگىرىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ تاماق پىشۇرۇش مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1996-يىل 2-سان، خەنزۇچە.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشتە)



# ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىكى تىراگېدىيەلىك گۈزەللىك

**ياسىن مۇھەممەدنىياز تىكە**

«تىراگېدىيە» دېگەن بۇ ئۇقۇمغا قارىتا بېرىلگەن ئۇقۇملار خىلمۇخىل. ئارىستوتېل «پوئېتىكا» ناملىق ئەسىرىدە تىراگېدىيەگە «تىراگېدىيە كەسكىن ۋە مۇكەممەل بولغان، مۇئەييەن ۋاقىت داۋاملاشقان ھەرىكەت ئەندىزىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىپادىلەش ۋاستىسى تىل، ھەرخىل جەلپكار تاۋۇشلاردۇر. بۇلار ئەسەرنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا سىڭگەن بولىدۇ» دەپ ئىزاھات بېرىدۇ. شۇپېنخائۇئېر: «ئىنسان ھاياتىدىكى تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنىڭ باشقىچە ئىپادىلىنىشى تىراگېدىيە بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. گرېك تىلىدىكى مەنىسىنى ئىزدىگەندە «تىراگېدىيە — گرېك تىلىدىن كىرگەن ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇنىڭدا تىياتىرنىڭ باش قەھرىمانى بەختسىزلىككە ئۇچراش، ئۆلۈپ كېتىشتەك پاجىئە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. تىراگېدىيەنىڭ باش قەھرىمانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئېجابىي شەخسلەر، ھەتتا قەھرىمان شەخسلەر بولىدۇ» دېگەن جاۋابقا ئېرىشىمىز.

ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە ئائىت بايانلاردا ئەسەرلەرنىڭ ئاخىرلاشتۇرۇش شەكلىنى تىراگېدىيەلىك ئاخىرلاشتۇرۇش ۋە كومېدىيەلىك ئاخىرلاشتۇرۇش دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلىدۇ. كومېدىيەلىك ئاخىرلاشتۇرۇش ئۇسۇلىدا باش قەھرىماننىڭ غەلىبىسى تەنتەنە ئىچىدە ئاخىرلاشتۇرۇلىدۇ. كىشىنى خۇشال-خۇراملىق ئىچىگە باشلاپ، ئەدەبىياتنىڭ گۈزەللىك تەسىرىدىن بىۋاستە زوقلاندۇرىدۇ. تىراگېدىيەلىك ئاخىرلاشتۇرۇش بولسا، باش قەھرىماننىڭ ئۆلۈمىدىن پايدىلىنىپ، باش قەھرىمان ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىت ھەققىدە ئويلاندۇرىدۇ. ئوقۇرمەنلەرنى تىراگېدىيەنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، ئەسەر ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى ھۇزۇرلىنىش بوشلۇقى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ نۇقتىدا نۇرغۇنلىغان ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى تىراگېدىيەنى ئەسەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئىچىدە تىراگېدىيەلىك

www.uyghurkitap.com



يول بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلغان داستانلار ئاز ئەمەس. دەر-
ۋەقە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىق
بولغانلىرى يەنىلا، «تاھىر - زۆھرە»، «لەيلى - مەجنۇن»،
«پەرھاد- شىرىن»، «رابىيە- سەئىددىن» قاتارلىق داستان-
لار تىپىك تىراگېدىيەلىك مۇھەببەت داستانلىرىدۇر. يازما
ئەدەبىياتىمىز بىلەن چېتىشىسىز بولغان داستانلاردىن
«شىرزات ۋە گۇلشات»، «شاھزادە فەررۇخ»، «بوز
كۆرپەش ۋە قارا چاچ ئايىم» قاتارلىقلارمۇ تىپىك تىراگې-
دىيەلىك داستانلار بولۇپ، باش قەھرىمانىنىڭ تىراگېدىيە-
سى ئەسەرلەرنىڭ يېشىمى قىلىنغان ۋە بۇ ئارقىلىق
يۈكسەك بەدىئىي سەۋىيە يارىتىلغان. نۆۋەتتە دىيارىمىزدا
داۋاملىق تارقىلىۋاتقان يەرلىك داستانلاردىن «تۆمۈر خە-
لپە»، «ياچىبەگ»، قەشقەر ۋە خوتەن رايونىدا ئېيتىلى-
ۋاتقان «سېيىت نوچى»، خوتەن خەلق داستانى «ھەۋزى-
خان» قاتارلىقلارمۇ تىراگېدىيەلىك تۈسىنىڭ قويۇق بولۇ-
شى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ.

تىراگېدىيەلىك گۈزەللىك دېگىنىمىز ئەدەبىي ئەسەر-
لەردىكى باش قەھرىمانىنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولغان
ھەرخىل ئىجتىمائىي- تەبىئىي شارائىتلارغا قارشى كۈرەش
قىلىشى ۋە ئاخىرىدا شۇ كۈچلەر ئالدىدىكى مەغلۇبىيىتى
ياكى ئۆزۈل- كېسىل بولمىغان غەلىبىسى ئارقىلىق،
ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئېستېتىكا
يۈكسەكلىكىدە ئىپادىلەپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئاتالغۇدى-
كى تىراگېدىيە ئەسەردىكى تۈرلۈك پايدىسىز شارائىتلار-
نى كۆرسەتسە، گۈزەللىك ئۇقۇمى شۇ خىل پايدىسىز ئا-
مىللار ئىچىدە گەۋدىلىنىپ تۇرغان ئىجابىي خاسلىقنى
كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىكى تىراگېدىيەلىك
گۈزەللىكنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتا ئارقىلىق كۆرسە-
تىپ بېرىش مۇمكىن:

1 . داستانلاردىكى تىراگېدىيەلىك گۈزەللىك تىراگې-
دىيەلىك مەنبەنى ئاساس قىلىدۇ.

خەلق داستانلىرىدىكى تىراگېدىيەلىك مۇھىت ئالدى
بىلەن باش قەھرىمانىنىڭ مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىشتىكى شارا-
ئىتتۇر. ئۇ باش قەھرىماننى چۆرىدەپ تۇرغان بولغاچقا،
ئۇ، ئەسەردىكى پۈتكۈل تىراگېدىيەنىڭ مەنبەسىدۇر.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىكى تىراگېدىيە مەنبەسى
دەۋرىي ۋە مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئالدى بىلەن بىز-
گىچە يېتىپ كەلگەن داستانلارنىڭ كۆپىنچىسى فېئودالىزم
دەۋرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولغاچقا، تىراگېدىيەنىڭ
مەنبەسى ئىلاھىي ياكى ئەپسانىۋى كۈچ بولماستىن
بەلكى، رېيال ئىجتىمائىي كۈچلەردۇر. بىز بۇ يەردە كە-
تابخانغا يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھ بىلەن ئىلاھلار
ئوتتۇرىسىدىكى، ئىلاھلار بىلەن ئادەملەر ئارىسىدىكى
تىراگېدىيەنىڭ تىراگېدىيەلىك گۈزەللىكنىڭ مەنبەسى قىلىن-
غانلىقىنى ئەسكەرتمەكچىمىز. قەدىمكى يۇنان- گرېك تىرا-
گېدىيەلىرىدە ئىلاھلار بىلەن قارشىلىشىش تىراگېدىيەنىڭ
مەنبەسى بولۇپ، باش قەھرىمان باشتىن- ئاخىر ئۆزى
يېڭىپ بولمايدىغان كۈچنىڭ قارشىسىغا قويۇلىدۇ، شۇ
ئارقىلىق ئۇنىڭ چەكسىز باتۇرلۇقى، پاراسەتلىك ئىكەنلى-
كى تىراگېدىيەلىك مۇھىت ئىچىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئۇيغۇر
خەلق داستانلىرىدا بۇنداق ئىلاھىي مەنبەنى بايقاش ئاسا-
سەن مۇمكىن ئەمەس. ئەكسىچە، ئەسەردىكى باش قەھ-
رىمانلارنىڭ قارشىسىغا قويۇلغىنى ئەينى ۋاقىتتىكى فېئو-
داللىق ئەخلاقنى يادرو قىلغان فېئوداللىق مۇھەببەت قا-
راشلىرى شۇنداقلا، پۈتكۈل فېئودالىزم جەمئىيىتى. شۇڭا
ئومۇملۇقتىن قارىغاندا خېلى كۆپ ساندىكى مۇھەببەت
داستانلىرى بىۋاسىتە ھالدا فېئودالىزم جەمئىيىتىگە قارشى
ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، باش قەھرىمانىنىڭ تىراگې-
دىيەگە يۈزلىنىشى ياكى ئۇلارنىڭ سۆيگۈ مۇھەببىتىنىڭ
ئەمەلگە ئاشماسلىقى ئەسەرنىڭ باش قىسمىدىلا بەلگىلىۋې-
تىلگەن بولىدۇ. بۇنداق بولۇشى ئەدەبىياتنىڭ رېياللىققا
ئۇيغۇن بولۇش پرىنسىپىغا ماس كېلىدۇ. داستان ئىجاد-
چىلىرى بىر تەرەپتىن ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ گۈزەللىكنى،
ئەركىن بولۇش لازىملىقىنى بىلىدۇ. يەنە فېئودالىزم دەۋ-
رىدە بۇنداق ئەقىدىنىڭ قارشى ئېلىنمايدىغانلىقىنىمۇ بىلى-
دۇ. دېمەك، داستان ئىجادىيەتچىلىرى ئەسەرنىڭ باش
قىسمىدىلا ئۇلارنى ئاشۇنداق قارىمۇ قارشىلىق ئىچىگە
قويۇپ تەسۋىرلەيدۇ. بۇ، داستانلارنىڭ رېياللىققا تېخىمۇ
يېقىنلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. چۆچەكلەر بۇنداق ئالاھىدىلىكتىن
يىراق. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىمۇ فېئودالىزم
دەۋرىنىڭ مەھسۇلى. ئۇلاردىكى ئەركىنلىك، پادىشاھلار
ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئىدىيەسى، شۇنداقلا ئەركىن نى-
كاھلىنىش ئىدىيەسى فېئودالىزم جەمئىيىتىدە ئەمەلگە ئېشى-
شى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بىر قىسىم چۆچەكلەردە ھەتتا



2010.3

پادىشاھنىڭ قىزلىرى بىلەن تازلار ياكى شاھزادىلەر بىلەن
يېتىم قىزلار نىكاھلىنىدۇ. ئۇلار فېئودالىزمنىڭ بارلىق كە-
شەنلىرىنى ئەقىل پاراستى ياكى سېھىرلىك كۈچلەرنىڭ
ياردىمى بىلەن سۇپۇرۇپ تاشلايدۇ. يۇقىرىدا قەيت قىل-
غاندەك بۇنداق بولۇشى ئەسلىدىنلا مۇمكىن بولمايدىغان
خاھىش بولسىمۇ، خەلق ئاممىسى ئۆزىنىڭ ئارزۇ-ئارمان-
لىرىنى چۆچەكلەرگە يۇغۇرۇش ئارقىلىق رېيال زىددىيەت-
تىن قاچقان. داستانلارنىڭ تىراگېدىيەلىك زىددىيەت ئىچى-
دە خاراكتېر يارىتىشنى ئاساسىي يول قىلغانلىقى ئۇنىڭ
ئەڭ قىممەتلىك تەرىپىنىڭ بىرى.

«بوز كۆرپەش ۋە قارا چاچ ئايىم» داستاندا
مۇنداق ۋەقەلىك بايان قىلىنغان: لوپنۇر دېگەن يۇرتتىكى
ئابدال دېگەن جايدا سۇياغىل دەيدىغان بىر كىشىنىڭ بوز
كۆرپەش ئاتلىق بىر ئوغلى بار ئىكەن. بوز كۆرپەش ئاتا-
ئانىسىدىن كېيىن قالغاندىن كېيىن سەپەرگە ئاتلىنىپ، يې-
ڭىسۇ دېگەن جايغا كېتىپتۇ. بۇ يۇرتتا سۇلۇباي ئاتلىق بىر
باي بار ئىكەن. بۇ كىشىنىڭ قارا چاچ ئايىم دەيدىغان
بىر قىزى بار ئىكەن. بىر كۈنى بوز كۆرپەش باينىڭ ئۆ-
يىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقان چاغدا، ئۇنى باي مالايلىققا
ئېلىۋاپتۇ. بوز كۆرپەشنى باينىڭ قىزى كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ
قاپتۇ، ئۇلار مۇھەببەتلىشىپتۇ. ئەمما باينىڭ ئايالى پاتما
ئۇنىڭغا نىيىتىنى بۇزۇپتۇ. باي بايقاپ قېلىپ، بوز كۆر-
پەشكە قەست قىپتۇ. باي ئاخىر زەھەرلىك ئوقيا
بىلەن بوز كۆرپەشنى ئۆلتۈرۈپ. ئۇنىڭ كاللىسىنى
تېرەككە ئېسىپ قويۇپتۇ. قاراچاچ ئايىم بولسا
ئۇنىڭ جەسىتىگە قاراپ قاتتىق ئېچىنىپتۇ ۋە ئۆزى-
نى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن بىر گۆردە يېتىپتۇ.
داستاننى بۇنداق ئاخىرلاشتۇرۇش «شاھزادە
فەرروخ» داستاندىمۇ چېلىقىدۇ. كۈچلۈك تىراگې-
دىيەلىك تۈسكە ئىگە بۇ خىل داستانلاردا باش
قەھرىماننىڭ ئېلىشۋاتقىنى قارىماققا بىرەر باي
ياكى پادىشاھ بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈ-
نۈشى دەل پۈتكۈل فېئودالىزملىق ئەخلاق چۈ-
شەنچىسىدۇر. باش قەھرىمان ئەسەرنىڭ بېشىدىلا
ئاتا-ئانىسىدىن مەھرۇم قالىدۇ. كېيىن جاھان
كېزىپ باشقا جايلارغا بېرىپ قالىدۇ. ئاتا-ئانىسى-
دىن ئايرىلىپ قېلىشى ئۇنىڭ تىراگېدىيەسىنىڭ
باشلىنىشى، باينىڭ ئۆيىگە مالايلىققا كىرىشى بولسا
ئۇنىڭ تىراگېدىيەسىنىڭ داۋاملىشىشىدىن ئىبارەت. فېئودا-
لىزم جەمئىيىتىدىكى كىشىلەر مەيلى قانداق نام بىلەن باي
ۋە پادىشاھلارنىڭ ھۇزۇرىدا ئىشلىسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممى-
سى بىردەك ئېزىلىدۇ. خەلق چۆچەكلىرىدىن «پېخسىق
باي»، «كەنجى ئوغۇل» قاتارلىق چۆچەكلەردە بايلار-
نىڭ ھەرخىل ئاماللار بىلەن مالايلارنىڭ ئىش ھەققىنى
بەرمىگەنلىكى بايان قىلىنغان. دەرۋەقە «بوز كۆرپەش
ۋە قارا چاچ ئايىم» داستاندا بوز كۆرپەش ناھايىتى ئا-
سانلا زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ. باينىڭ خوتۇنى ئۇنىڭغا
ئىشقىۋازلىق قىلغاندا ئۇ بىگۇناھ بولسىمۇ، ئەمما باي
يەنىلا ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. قىلتاق قۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈر-
دۇ. بۇ، ئەسەردىكى تىراگېدىيەنىڭ ئۆزلۈكسىزلىكىدۇر.

مۇھەببەت داستانلىرىدا فېئودالىزمنىڭ زۇلۇملىرىنى
ئابستراكت نۇقتىدىن يۇكسەك دەرىجىدە بەدىئىيلەشتۈ-
رۈپ بايان قىلغاچقا، تىراگېدىيەنىڭ مەنبەسى بولغان ئىج-
تىمائىي سەۋەبنى ھېس قىلماق بىر قەدەر قىيىن. ئەمما تا-
رىخىي داستانلار بۇ تەرەپنى ئەينەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
تارىخىي داستانلاردىن «تۆمۈر خەلپە»، «ياچىبەگ»،
«ئۆمەر باتۇر» قاتارلىقلاردا تىراگېدىيەنىڭ مەنبەسىنى
يەنى بارلىق خەلقنىڭ دۈشمىنى بولغان رەزىل ئىجتىمائىي
كۈچلەرنىڭ كونكرېت جىنايىتىنى بىۋاستە كۆرسىتىپ
بەرگەن.



«تۆمۈر خەلپە» داستانى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. ئەسەردە قومۇل خەلقىنىڭ تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرى بايان قىلىنغان. شاھ مەخسۇتنىڭ خەلققە سالغان ئەسكەرلىككە مەجبۇرىي قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت ئالۋىڭى زىددىيەتنىڭ باشلىنىشى قىلىنغان.

جاڭجۇ بىلەن شاھمەخسۇت،
ئەسكەر ئالدى قومۇلدىن.
بەرمەي ئەسكەر قورايلىق،
قايرىپ ئالدى يولىدىن.

مۇشۇ خىل كونكرېتلىق ئىچىدە تۆمۈر خەلپە ۋەكىللىكىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشىنىڭ سەۋەبىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. داستاندا شاھمەخسۇتنىڭ مەككارلىقى، قورقۇنچلۇقى ۋە بۇلارغا قوشۇلغان رەھىمسىزلىكى زەنجىرسىمان بايان قىلىنغان. داستاندا تۆمۈر خەلپىنىڭ ئۈرۈمچىگە سۈلھى قىلىنىپ ئېلىپ كېلىنگەنلىكى، ئاتالمىش «تيې دارىن» دەپ ئاتىلىپ ئاخىرى ياڭزېشىنىڭ قولىدا ۋاقىتسىز خازان بولغانلىقى بېرىلگەن. داستاننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرىپى شۇكى، شاھمەخسۇتنىڭ مەغلۇپ بولۇش مۇمكىنچىلىكى روي بېرىۋاتقان شارائىتتا يەنە، تۆمۈر خەلپىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. زىددىيەتلىك ئەمما مۇرەسسەسىز پاكىتلار ئارقىلىق تۆمۈر خەلپە تىراگېدىيەسىنى ئاڭلىغۇچىلارغا تاپشۇرغان.

«نۇزۇگۇم» داستانىدىمۇ قەھرىماننىڭ تىراگېدىيەلىك مۇھىتى ئىنتايىن كونكرېت بولۇپ، ئۇنى ئوراپ تۇرغىنى ئالدى بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدۇر. تارىخي ئارقا كۆرۈنۈش جەھەتتىن قارىغاندا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زۇلمىغا جاۋابەن خەلق ئاممىسىنىڭ قارشى قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغان كونكرېت ۋاقىتنى بىۋاسىتە ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. داستان باشلىنىشىدىلا نۇزۇگۇم سۈرگۈن قىلىنىپ ئىلىغا كېلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى بېگىنىڭ ئۆيىدە دېدەك بولۇپ ئىشلەيدۇ. شۇ پۇرسەتتە ئۇ ئاكىسى ئابدۇللا بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئەمما چىڭ سۇلالىسى بېگىنىڭ ئۇنىڭغا نىيىتى بۇزۇلۇپ ئۇنى ئەمرىگە ئالماقچى بولىدۇ. نۇزۇگۇم ئاكىسىنىڭ ياردىمىدە قاچىدۇ. ئۇنىڭ قاچقانلىقى مەلۇم بولغاندىن كېيىن تۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئۇنى قاتتىق قىيىن - قىستاق ئىچىدە سوراق قىلىدۇ، ئەمما چىداملىق نۇزۇگۇم قىلچىمۇ بويسۇنمايدۇ. بۇنىڭغا چىدىمىغان زالىملار ئۇنى دارغا ئاسىدۇ.

«نۇزۇگۇم»دا فېئودالىزمنىڭ ئەخلاق - تۈزۈم، سىياسەت، ئىقتىساد قاتارلىق جەھەتتىن تەلتۆكۈس چىرىگەنلىكى، خەلقنىڭ قېنىنى شورىغانلىقى پۈتكۈل تىراگېدىيەنىڭ مەنبەسى قىلىنغان بولۇپ، نۇزۇگۇمنىڭ شۇ تىراگېدىيەلەر تورىدىكى باتۇرلارچە ئېلىشىشىنى يۈكسەك بەدىئىيلىككە ئىگە قىلغان. نەتىجىدە نۇزۇگۇم ئوبرازى تولىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يارىتىلىپ كىشىلەرنىڭ مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمىغان.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، باش قەھرىمان ياراتقان تىراگېدىيەلىك گۈزەللىك ئۇلارنى شۇ خىل تىراگېدىيەگە مەھكۇم قىلغان مەنبەنىڭ ئارقا تېرەك بولۇشى بىلەن روياپقا چىقىدۇ. مۇھىت قانچە كونكرېت، تىپىك بولسا ئۇنىڭ ۋەقەلىك تەرەققىياتى شۇنچە كەسكىن، شۇنچە ئېچىنىشلىق بولىدۇ.

2 . تىراگېدىيەلىك قەھرىماننى كونكرېت تىراگېدىيەلىك شارائىت يارىتىدۇ.

تىراگېدىيە ئېستېتىكىسىدىكى ئالاھىدە ئوبيېكت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. ھېگىل: «تىراگېدىيەنى شەخس ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ بەلكى ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت، رېئاللىققا بولغان ئوخشىمىغان چۈشەنچە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دەپ قارىغان. ماركس بىلەن ئېنگېلس دىيالېكتىكىلىق پەلسەپە نۇقتىسىدىن چىقىپ تىراگېدىيەنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسىنى ئېچىپ بەردى. ئۇلار: «تىراگېدىيە بولسا يېڭى ئىجتىمائىي قائىدىلەرنىڭ كونا قائىدىلەرنىڭ ئورنىنى ئېلىشىنىڭ ئىنكاسى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى كونا نەرسىلەرنىڭ يېڭى نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى ئېلىشىنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى. دۇنيادىكى بارلىق ئۇلۇغ تارىخىي ۋەقە ۋە ئىشلار تۇنجى قېتىمدا چوقۇمكى تىراگېدىيەدۇر»، دەپ قارايدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا تىراگېدىيەنى ھېس قىلىش ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ كەسكىن، ئەڭ نازۇك تەرەپ بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ باشقا تۇيغۇلاردىن پەرقلىنىدىغان مۇھىم ئالاھىدىلىكىدۇر. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىمكى تىراگېدىيە دېگەن سۆز، ئازابلىنىش، ئېچىنىش تۇيغۇسىدا بولۇش، ئۈمىدسىزلىنىش



ياكى ئۆلۈش قاتارلىق سۆزلەر بىلەن تەڭداش ئەمەس.
ئۇ ئادەتتە سەھنە ئەسەرلىرى تۈرىدە تىلغا ئېلىنىدىغان
«تىراگېدىيە»گە تېخىمۇ تەڭ ئەمەس. تىراگېدىيە يەنە
كېلىپ ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن كۆرستىلگەن تىراگېدىيە
دېگەن كۆز قاراش كىشىنى ھېس ھاياجانغا چۆمدۈرىدى-
غان، كىشىنى قايىل قىلىدىغان، روھىي دۇنيانى ئاۋۇندۇ-
رۇپ، ئېستېتىك ھۇزۇر ئېلىپ كېلىدىغان ھېسسىي ئۇقۇم-
دىن ئىبارەت.

تىراگېدىيە يۇقىرىدا دېيىلگەندەك كونىلىق بىلەن يې-
ڭىلىق ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىشىشتىن كەلگەنلىكى
ئۈچۈن، باش قەھرىمان مۇشۇ كونكرېت قارشىلىشىش ئە-
چىگە قويۇلغاندا، ھەقىقىي قەھرىمانغا ئايلىنىدۇ.

رېيالىستىك مۇھەببەت داستانلىرىدا باش قەھرىمانى-
نىڭ خاراكتېرى ئاساسەن ئۇنىڭ سەرگەردانلىق ھاياتى،
جۇدالىق ئازابى ئىچىدىكى چىدامچانلىقى ئۆز سۆيگۈنىگە
بولغان سەۋر - تاقىتىگە تايىنىپ غەلىبە قىلىدۇ. بۇنداق
داستانلاردا باش قەھرىماننىڭ سەرگەردانلىق ھاياتىنى ئە-
سەردىكى تىراگېدىيەلىك تەرەپنىڭ ئاساسىي قىسمى
دېيىش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىلدىكى داستانلار مەز-
مۇنىنىڭ خېلى بىر قىسمى ئاشىقلارنىڭ چەت يۇرتلاردىكى
سەرگۇرەشتىلىرىگە قارىتىلغان بولىدۇ. بۇ قىسمىدا ئاشىق-
لار ياقا يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرىدۇ. ئاش -
نانغا زار بولۇپ، مەجنۇنلۇقتا ياشايدۇ. بەزىلىرىدە ھەتتا
قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەنە شۇ تەرەپ
بولغاچقا باش قەھرىمان گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ. «تاھىر -
زۆھرە» داستانىدا تاھىرنىڭ سەرسانلىقتىكى ھاياتى ئۇنىڭ
ئېغىزىدىن مۇنداق بېرىلگەن:

چىرايىم سېرىق سامان،
زۆھرەنىڭ ئوتى يامان.
ئۆلۈم خۇدانىڭ قەستىدۇر،
تىرىك ئايرىلغان يامان.
مەن زۆھرەمدىن ئايرىلغاچ،
بولدۇم بىسەرۇ سامان.
قوشقاي مېنى زۆھرەمگە،
يا رەھىم، يا رەھمان.

ئېتىراپ قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، ئاشىق-
مەشۇقلارنىڭ ۋىسال لەززىتى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن داس-
تانلاردىكى تىراگېدىيەلىك گۈزەللىك، چىن مۇھەببىتى

www.uyghurkitap.com



باشقىلار تەرىپىدىن ئۈزۈل-كېسىل بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان داستانلارنىڭكىگە يەتمەيدۇ. بۇ ھەقتە بىز «بوز يىگىت» داستانىنى مىسالغا كەلتۈرسەك بولىدۇ. داستاندا مۇنداق ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ: «بۇرۇنقى زاماندا ئابدۇللاخان ئىسىملىك پەرزەنتسىز پادىشاھ بولغانىكەن. كېيىنكى كۈنلەردە خوتۇنى ھامىلدار بولۇپ بىر پەرزەنتلىك بوپتۇ ۋە ئۇنىڭغا بوز يىگىت دەپ ئات قويۇپتۇ. بوز يىگىت ئىنتايىن ئەقىللىق چوڭ بوپتۇ. چۈشىدە بىر گۈزەل قىزغا ئاشىق بوپتۇ. سەپەرگە چىقىپ شۇ قىزنى ئىزدەپتۇ. يولدا نۇرغۇن تالاپەتلەرگە يولۇقۇپتۇ. ئاخىر قىز بىلەن تېپىشىپتۇ. ئەمما پادىشاھ قىزنى زەيتۇن ئىسىملىك بىر شاھزادىگە ياتلىق قىلماقچى بولغانىكەن. ئۇلار بىر-بىرسىگە يول قويۇشماي قاتتىق ئېلىشىپتۇ. ئاخىر بوز يىگىت يىقىلىپتۇ. 72 يېرىدىن جاراھەتلىنىپتۇ ۋە ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. مەشۇقى ئۇنىڭغا گۈمبەزلىك قەبرە ياساپ قەبرە ئىچىگە كىرىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ.

تىراگېدىيەلىك تۈسكە ئىگە داستان «بوز يىگىت»تە، بوز يىگىتنىڭ قىزغا بولغان ئاشىقلىقى ئىنتايىن ئالقىشلانغان. تولىمۇ پايدىسىز شارائىت ئاستىدىكى باتۇرلۇقى، تىز پۈكمەسلىكى ئارقىلىق ئۇنىڭ تەڭداشسىز جەلپ قىلىش كۈچى بارلىققا كەلگەن. بوز يىگىت داستانىدا بوز يىگىت بىر قانچە قېتىملىق ئوڭۇشسىزلىقلارنى باشتىن كەچۈردۇ. ئۇ سەپەرگە چىققاندا ئالدى بىلەن مايمۇنلار ئېلىگە كېلىدۇ. تۇتقۇن بولىدۇ. كېيىن ئۇ يەردىن قېچىپ مالچىن شەھرىگە كېلىدۇ. مايمۇنلار بولسا ئۇنى يەنە تۇتۇۋالىدۇ. يەنە قېچىپ كېتىدۇ. ھەر جايدا ئۆلۈم-كۈلپەت بىلەن ئېلىشىدۇ. ئەمما ئۇ ئۆز يارىنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن، ھېچنېمىدىن ئىككىلەنمەيدۇ. باغداد سودىگەرلىرى ئۇنىڭغا يولۇقىدىن قايت، بۇ ئۆلۈم يولى دېسە قەتئىي تىز پۈكمەيدۇ. كۆرۈشكە بولىدۇكى بوز يىگىت تىراگېدىيەلىك مۇھىت ئىچىدە پىشىپ يېتىلىدۇ. يەنە تىراگېدىيە يۈكسەكلىكىگە قاراپ داۋاملىق ئالغا سىلجىيدۇ. بوز يىگىت قىز بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن قىزنى ئوراپ تۇرغان كۈشەندە چۆرىلەرنىڭ پادىشاھقا چېقىپ قويۇشى بىلەن ئۇلار سېزىلىپ قالىدۇ. شاھنىڭ جاللاتلىرى ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. بوز يىگىت كۈندۈزى شەھەر سىرتىدا، كېچىسى قىزنىڭ ھۇجرىسىدا يارى بىلەن بىللە بولىدۇ. ئاخىر پادىشاھنىڭ سۈيىقەستى بىلەن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. قىزمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. دېمەك، بوز يىگىت ئوبرازىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلىشىنى ئۇنى ئوراپ تۇرغان تىراگېدىيەلىك مۇھىتتىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

ئادەتتە تىراگېدىيەلىك قەھرىمانلارنى ئوراپ تۇرغان تىراگېدىيەلىك مۇھىت تۆۋەندىكى مۇتىفلار بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئۇلار:

1) قىزنىڭ يولىدا سەرگەردان بولۇش مۇتىفى

بۇ مۇتىف «سەنۇبەر»، «بوز يىگىت»، «تاھىر-زۆھرە»، «شاھزادە فەررۇخ» قاتارلىق داستانلاردا ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدا قىزغا ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن ئاشىق بولغاندىن كېيىن قىزنى ئىزدەپ، دەشت-چۆللەردە سەرگەردان بولىدۇ. نۇرغۇنلىغان خەتەرلەرگە يولۇقىدۇ. بەزىلىرىنى قاراقچىلار بۇلىۋالسا، بەزىلىرىنى باشقىلارغا قۇل ئورنىدا سېتىۋېتىدۇ. بىر قىسىملىرىدا شاھزادە ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغاندىن كېيىن قاتتىق بوران چىقىپ كېتىدۇ. پۈتكۈل بېساتى دېڭىزغا غەرق بولىدۇ. بىر قانچە كىشى ساق-سالامەت قايتىپ كېتىدۇ ۋە پادىشاھقا ئوغلىڭىز ئالەمدىن ئۆتتى دەپ مەلۇم قىلىدۇ.

2) قىين شەرت قويۇش مۇتىفى

بۇ خىلدىكى مۇتىفتا شاھزادە قىزغا ئېرىشمەك ئۈچۈن نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ئاخىر قىزنىڭ مەملىكىتىگە يېتىپ كېلىدۇ. قىز بولسا ئەگەر پالانچى نەرسىنى قىلىپ بەرسەڭ ساڭا ياتلىق بولىمەن، بولمىسا ياتلىق بولمايمەن. سېنى ئۆلتۈرىمەن دەيدۇ. شاھزادە ئۇلارنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرسىمۇ ئەمما مەلىكە ئۇنى يەنىلا ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ. مەسىلەن، «مەلىكە گۈلرۇز» قاتارلىق داستانلار.

3) ئۈچىنچى شاھزادە مۇتىفى

بۇ خىلدىكى مۇتىفتا شاھزادە قىزنىڭ ۋەسلىگە يەتمەكچى بولغاندا، بىردىنلا ئۈچىنچى شاھزادە مەيدانغا چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ دادىسى ۋەدىسىدىن يېنىۋالىدۇ. بەزىلىرىدە شاھزادە بېرىشتىن ئىلگىرىلا ئۇنىڭ شۇنداق بىر يىگىتى بولغان بولىدۇ. نەتىجىدە ئىككى شاھزادە قاتتىق ئېلىشىدۇ. ھەتتا ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى ئۆلۈپ كېتىدۇ. بىر قىسىم داستانلاردا ئۈچىنچى شاھزادىنىڭ ئورنىدا شۇ مەملىكەتتىكى بىرەر ۋەزىرنىڭ



ئوغلى مەيدانغا چىقدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. بۇلارغا
«پەرھاد- شېرىن»، «شاھزادە فەررۇخ»، «بەھرام پارس
ۋە بالا ھۆسن پەرى»، «تاھىر- زۆھرە» قاتارلىق داستاند-
لار مىسال بولالايدۇ.

3. داستانلاردىكى تىراگېدىيەلىك يۇكسەكلىك ــ
قەھرىمانىنىڭ ئۆلۈمى

تىراگېدىيەلىك داستانلاردىكى قەھرىمانلارغا قارشى
قويۇلغىنى پۈتكۈل فېئودالىزم جەمئىيتى. مەيلى ئەخلاقى
ياكى ئىدىيەۋى نۇقتىدىن بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۆز-
ئارا چىقىشالمايدىغان كۈچ. شۇڭا قەھرىمانلارنىڭ ئۆلۈ-
شى بىر خىل مۇقەررەرلىك. ئادەتتە تىراگېدىيەلىك داس-
تانلاردىكى قەھرىمانلارنىڭ ئۆلۈمى ئۇلارنىڭ ۋىسال لەز-
زىتىگە يېتىشكە تاس- ماس قالغاندا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.
بۇ چاغدا ئوبرازنىڭ پۈتۈنلۈكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا يۇ-
قىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك قەھرىمان بىر قاتار جاپا - مۇ-
شەققەتلەرنى تارتىپ بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭ بەرنا قىياپە-
تى تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كىشى-
نى ئىنتايىن قايىل قىلىدۇ، ئەمما دەل شۇنداق چاغدا
رەزىل كۈچلەر قايتىدىن مەيدانغا كېلىپ دەھشەتلىك ئې-
لىشىشلار بولىدۇ. ئاخىر باش قەھرىمان ئالەمدىن
ئۆتۈپ، فېئودالىزمنىڭ ھەرقانداق يېڭى، باتۇر كۈچلەر-
نىڭ تەرەققىياتىنى كۆرۈشنى خالىمايدىغان قاراڭغۇ تەرد-
پى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. بىر قىسىم مۇھەببەت داستانلى-
رىنىڭ تىراگېدىيەلىك خۇسۇسىيىتى شۇ قەدەر قويۇقكى
يىگىت ئۆلگەندىن كېيىن ئايالمۇ تەڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋا-
لىدۇ. نەتىجىدە تىراگېدىيە تېخىمۇ يۇكسەك پەللىگە يېتە-
دۇ. بۇلارغا «پەرھاد- شېرىن» تىپىدىكى داستانلار
مىسال بولالايدۇ.

قەھرىمانلارنىڭ ئۆلۈمى پۈتكۈل ئەسەرنىڭ كول-
مۇناتسىيەسى، شۇنداقلا باش قەھرىمان ئوبرازىنىڭ ئەڭ
مۇكەممەللىشىدىغان قىسمى بولغاچقا، ئۇنى تەسۋىرلەشتە
ھەمىشە باش قەھرىمانىنىڭ ئالاھىدە خىسلىتى ــ ئۆلۈم
ئالدىدىكى مەردانىلىك بايان قىلىنىدۇ. بۇ قىسىم ئەمەل-
يەتتە پۈتكۈل ئوبرازنىڭ ئەڭ جەلپكار تەرىپىدۇر. بۇ-
نىڭغا تىپىك مىسال سۈپىتىدە تارىخىي داستانلاردىن
«ھەۋزىخان» داستانى ۋە «تۆمۈر خەلپە»، «سېيىت
نوچى»، «ياچىبەگ» قاتارلىق داستانلارنى مىسال كەل-
تۈرۈش مۇمكىن.

«ياچىبەگ» داستانى 18 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىد-
كى جۇڭغار خانلىقى بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى
ئارىسىدىكى ئۇرۇش يۈز بەرگەن ۋاقىتلارنى تارىخىي
ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. جۇڭغارلار چىڭ سۇلالىسى ھۆ-
كۈمرانلىرىدىن مۇداپىئە كۆرەكچى بولۇپ، قومۇلنىڭ
ئاستانە، لاپچۇق قاتارلىق جايلىرىدا ئەسكەر تۇرغۇزغان.
بۇ لەشكەرلەر ھەمىشە خەلققە زىيانكەشلىك قىلغان.
قومۇل خەلقى ئاخىر چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىغا
قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. «ياچىبەگ (ئوقيا مەرگىنى)
ئەينى ۋاقىتتا چىققان ئۇرۇش قەھرىمانلىرىنىڭ بىرسى. ئۇ
چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قاتتىق ئەدىپىنى
بەرگەن، كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئۇنى
تۇتماق ئۈچۈن ئوسمان بەگ دېگەن كىشىنى سېتىۋالغان.
ئوسمان دېگەن كىشى بولسا، ياچىبەگنىڭ سىڭلىسىنىڭ
ئېرى سامانچىنى سېتىۋېلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇنى قىلتاققا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەسسەتكەن. دەل شۇ چاغدا ياچىبەگ نۇرغۇن لەشكەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ، چەمبەرچاس باغلىنىدۇ، شۇنداق ئەھۋالدىمۇ ئۇ قىلچىمۇ مەيۇسلەنمەيدۇ. ئەكسىچە باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشىپ، مەردانە قىياپەتتە ئۆلۈپ كېتىدۇ. داستاندا بۇ قىسىم مۇنداق بېرىلگەن.

«جۇۋان سالدى چىرىكلەر:
يۈردۈڭ تاغدا ياچىبەگ.
ئەمدى قولغا چۈشتۈڭمۇ،
ئويدان چاغدا ياچىبەگ.

بۇنى ئاڭلاپ ياچىنىڭ،
كۆزلىرىدىن ئوت ياندى.
باغلانسىمۇ قاتمۇقات،
چىرىكلەرگە تاشلاندى.

«نۇزۇگۇم» داستاندا نۇزۇگۇمنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ھالىتى مۇنداق بېرىلگەن:

بۇيرۇقۇڭنى بەر جاللات،
مېنى دارغا ئېسىشقا.
ئەل قىساسى مىنەلھەق،
ساڭا يول يوق قېچىشقا.

مېنى دارغا ئاسقاندا،
ئاگاھ بول ئۆز ئىشىڭغا.
روھىم تاياق-توقماق بوپ،
بىر كۈن تېگەر بېشىڭغا.

قەھرىمانلارنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى مەردانە ھالىتى «سېيىت نوچى» داستاندا تېخىمۇ تىپىكتۇر. داستاننىڭ ئاخىرىدا خەلق ئوغلى، ھەققانىيەتچى سېيىت نوچى جازا مەيدانىغا ئېلىپ چىقىلىپ، مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلمەكچى بولىدۇ. سېيىت نوچى ئۆلۈم ئالدىدا شۇ قەدەر بىپەرۋاكى، ھەتتا جاللاتقا ھەق تۆلەيدۇ. «سېيىت نوچى» داستاندا بۇ قىسمى مۇنداق بېرىلگەن:

«ئەلقىسسە، ئۇلار سېيىت ئاكىگۈلىنى جازا مەيدانىغا ئېلىپ چىقىشتى. سېيىت ئاكىگۈلىغا ئوق چىقارماقچى بولغان يايلارنىڭ قوللىرى تىترەشكە باشلىدى. دارىن ئات دەپ بۇيرۇق قىلىۋىدى. بىر پاي ئوق كېلىپ سېيىت نوچىنىڭ بويىنىغا سېلىنغان تاقاقنىڭ بىر بۆرجىكىگە تەگدى. سېيىت نوچى مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، يانچۇقىدىن ئىككى داچەننى چىقىرىپ يايىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى ۋە مۇنداق دەپ بېيت توقۇدى.

مېنى ئاتساڭ ئۇستاڭ ئات،
نا ئۇستاڭ يېقىن كەلمە.
سول كۆكسۈمنى چەنلەپ ئات،
چا ئۇستاڭ يېقىن كەلمە.»

بىر قىسىم داستانلاردا، مەسىلەن، «ئابدۇراھمان خان خوجا»، «بوز يىگىت» قاتارلىق داستانلاردا قەھرىماننىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ھالىتى مۇبالىغە ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ يۇقىرى ئۇنۇم قازىنىلغان. يەنى قەھرىمانلارنى خائىن كۈچلەر ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا ئۇلار ھەمىشە: «سېنىڭ بۇ گال پىچىقىڭ مېنىڭ تېنىمنى كېسەلمەيدۇ. قونجۇمدا بىر پىچاق بار، شۇنى ئېلىپ مېنى ئۆلتۈر» دەيدۇ. خائىنلار پەقەت شۇ پىچاق ئارقىلىقلا ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالىدۇ. بۇنداق ئېپىزوتتا بىر تەرەپتىن قەھرىمانلارنىڭ تىراگېدىيە ئالدىدىكى ھەقىقىي مۇكەممەللىكى كۆرسىتىلسە، يەنە بىر تەرەپتىن خائىنلارنىڭ نامەردلىكى قامچىلىنىدۇ.

بۇ نۇقتىدا خوتەن خەلق داستانى «ھەۋزىخان» بىزنى تولىمۇ جەلپ قىلىدۇ.

«ھەۋزىخان» داستانى خوتەن خەلق داستانلىرى ئىچىدە ئاياللارنىڭ باتۇرلۇقى، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئەخلاقى، بۇزۇقچىلىقنى تۈزەش، يولدىكى باتۇرلۇقى مەدھىيەلەنگەنلىكى بىلەنلا ئەمەس بەلكى يۈكسەك تىراگېدىيەلىك ئالاھىدىلىكى بىلەنمۇ دىققەتكە ئالاھىدە سازاۋەر داستاندۇر. داستاندا مۇنداق ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ. قاراقاش ناھىيەسىنىڭ زاۋا يېزىسىدىن بولغان ئابدۇللائاخۇن بىلەن ھەۋزىخان بىر-بىرسىگە ئىشقى ئوتى چۈشۈپ توي قىلىشىدۇ. ئەمما ئۇزاققا قالمايلا ئابدۇللا ئاخۇن ئۇنىڭ دوستى ھەمراخانغا بۇزۇلىدۇ. ھەۋزىخان بىر قېتىم ئۇلارنى بىر-بىرسىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرغان ھالدا كۆرۈپ قالغان بولسىمۇ، ئۆيىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئېرىگە يالۋۇرۇپ بۇنداق قىلماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ. ئابدۇللائاخۇن بۇ يولدىن يانمىغاندىن كېيىن ھەمراخاننى بۇزۇقچىلىق قىلىپ تۇرغان يېرىدىن تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ۋە ئاخىر ئۆزىمۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىدۇ.

رىياللىقتا يۈزبەرگەن ھەقىقىي ئىشلار ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بۇ داستاننىڭ مەزمۇنى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، ھەۋزىخاننىڭ ھەمراخاننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىنكى ھېسسىياتى ئاجايىپ ئۆستىلىق بىلەن يارىتىلغان. ئۇ يامۇلغا تاشلانغاندا ئامبال ئۇنى خوتۇن قىلىش ھېسابىغا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېلىش يولىنى كۆرسىتىدۇ. دادىسىمۇ پارە بېرىش ئارقىلىق ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالماقچى بولىدۇ. ئەمما ھەۋزىخان تولىمۇ جەڭگىۋار قىياپەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىدۇ. داستاندا بۇ مۇنداق بېرىلگەن:

يامؤلغا كىرگەن چاغدا،
ۋالىڭ دوتەي دېگەن ئەمدى:
— جېنىمغىنا ھەۋزىخان،
ئۆيىدىكى تەتەينى بەرسەم،
سېنى ئەپ قالغىلى بوسا،
شۇنداققىنا دېگەندە،
— جېنىمغىنا ۋالىڭ دارىن،
ئۇنداق يوقنى يېمىسلە،
ھەر كىشىنىڭ ئوتى ئۆزىگە،
بىر پاي ئوقنى ماڭا بەرسلە،
مەن تولا قىزىپ كەتتىم.

ھەۋزىخان داستاندا شۇ قەدەر مەردانە يارىتىلغانكى ئۇ ياردىن ۋاپا كەلمەيدىغان بۇ تار جاھاندا ياشاشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرە ئۇ ئۆز دوستى ھەمراخاننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببەتتىن تېخى ۋاز كېچەلمىگەن بولۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ ۋە ئۆلۈم يولى ئارقىلىق دوستىدىن كەچۈرۈم سورىماقچى بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ مۇرەككەپ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش جەريانى داستاننىڭ ئەڭ يۇكسەك بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىنساننىڭ ئۆلۈمگە يۈزلىنىش ھارپىسىدىكى ئىنچىكە ھېسسىياتىنى ئىنتايىن يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن. داستاندا ھەۋزىخاننىڭ بۇ ۋاقىتتىكى سۆزلىرى مۇنداق بېرىلگەن:

ھەمراخانغا چىدىمايمەن،
ئاچچىق دېگەن شەيتانكەن.
ئاچچىق كەينىگە كىرىپ،
ھەمراخاننى ئۆلتۈردۈم.
مېنى ئېتىپ بولغاندا،
نامىزىمنى قىلمىسلا.
توي ئورنىدا چىقارسىلا
قارا مەخمەل بۆكۈم بار،
جىنازىغا كەيدۈرسىلە.
ئالتۇن كۆڭلىكىم باردۇر،
جىنازىغا ئاستۇرسىلا.
باغئېرىقتا ئاچقىپ،
مولغۇدەك مازار بېشىدا،
يەكەن يولىنىڭ بويىدا،
يول لېۋىدە قۇياپ قويسىلا.
تاش ئورنىمىز بىر بولسۇن،
ھەمراخاننى ئاچتۇرسىلا،
ئىچى ئوران بىر بولسۇن.

داستاندا ھەۋزىخان ۋاپاسىز ئېرىنى «ئازدۇرغان» ھەمراخانغا بولغان غەزىپى بىلەن ئۇنىڭ دوستلۇق مېھرمۇھەببىتىگە بولغان تەشەككۈرىنى مۇشۇنداق ئىپادىلىگەندىن كېيىن، ئۆلۈم ئالدىدا بىچارىلەرچە ئۆلۈشنى خالىماي، ئەكسىچە «ئوسمىسنى قۇياپ بۇلاپ، ئەڭلىكنى ئېتىپ بۇلاپ» مەردانىلىك بىلەن ئۆلۈمگە يۈزلىنىدۇ ۋە مەردانە ئايالنىڭ ئالىيجاناب ئوبرازىنى يارىتىدۇ. ھەۋزىخان داستانى ئۆزىدە ئىپادىلىگەن تىراگېدىيەلىك گۈزەللىك بىلەن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئىچىدە ئىنتايىن يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشقا مۇناسىپتۇر. شۇنداقلا مەزمۇن جەھەتتىكى يەككىلىكى، روھىيەتنىڭ ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىنى، زىددىيەتنىڭ قارشى تەرىپىدە ئەمەس، زىددىيەتنىڭ ئۆزىدە تۇرۇپ ئىپادىلەپ بەرگەنلىكى بىلەن يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان داستاندۇر.

دېمەك، بۇنداق يېشىمدە باش قەھرىماننىڭ ئۆلۈمى كىشىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ. بۇنداق مەغلۇبىيەت ئارقىلىق ئۇنىڭ مۇكەممەللىكنى كۆرسىتىپ بېرىشنىڭ ئەڭ مۇھىم بەدىئىي نەتىجىسى شۇكى، ئۇ ئارقىلىق كىتابخانلار قايتا تەپەككۇر قىلىش، زىددىيەتنىڭ ھەقىقىي مەنبەسى ئۈستىدە ئويلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنىدۇ.

شۇڭا باش قەھرىمان ئۆلگەن ۋاقىتتىكى پۈتكۈل مۇھىت كۆچلۈك ئازابلىق ھالەتتە بايان قىلىنىدۇ. پۈتكۈل ئەسەرنىڭ خاتىمىسىنى قاپلىغان مۇدھىشلىق ئارقىلىق كىشىنى تېخىمۇ سۈرلۈك، تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ئەمما تېخىمۇ جەڭگىۋار ئەدەبىي مۇھىت ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ.

ئالاھىدە تەكىتلەشكە تېگىشلىك مەسىلە شۇكى، تىراگېدىيەلىك داستانلار، بولۇپمۇ تارىخىي داستانلار باش قەھرىماننىڭ ئۆلۈشى بىلەنلا ئاخىرلاشمايدۇ. كۆپىنچىسىدە قەھرىمان ئۆلگەندىن كېيىنكى مەرسىيە قوشاقلىرى ياكى ئاھ - زارنى ئىپادىلەيدىغان قوشاقلار ئارقىلىق باش قەھرىمان ئۆلگەندىن كېيىنكى تىراگېدىيە ئىزچىللىقىنى ساقلايدۇ. بۇ قىسىم داستانلارنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، باش قەھرىمانغا باھا بېرىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇنىڭغا بولغان سېغىنىش، رەزىل كۈچلەرگە بولغان غەزەپ ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. «سېيىت نوچى» داستانىغا قاراپ باقايلى:

«سېيىت ئاخۇن سېيىت گاڭگۇڭ،
تىك تۇرار ئىدى سۆزلەپ.
ماداخۇ دېگەن جاللات،
ئاتتى جايىنى كۆزلەپ.
يەتتە پاي ئوق تەگكەندە،
ئېگىز چىنار يىقىلدى.
ھەيۋەت بىلەن گۈلدۈرلەپ،
كۆكتە چاقماق چېقىلدى.
قەشقەر ئاسمىنىنى بويلاپ،
ئۇچمىغان بۇگۈن كەپتەر.
سىم-سىم تۆكۈلەر يامغۇر،
بۇلۇتلار كېزەر كۆكتە.
قاغىلار قاقىلدايدۇ،
سېپىلدىكى پوتەيدە.
بىزگە شەپقەت بارمىكىن،
شەڭگەن بىلەن دوتەيدە.
دوتەي بىلەن شەڭگەننىڭ،
ئىچكەنلىرى قان بولدى.
قەشقەرلىكنىڭ كۆز يېشى،
سەل بىلەن قىيان بولدى.
شەڭگەن بىلەن دوتەينىڭ،
كىملىكى ئايان بولدى.
دەرد تولغان يۈرەكلەردىن،
بۇ سۆزلەر ئايان بولدى.
ئەزىزانە قەشقەرنىڭ،
شۇڭقارى ئادا بولدى.

«ئابدۇراھمان خان خوجا» ناملىق داستاندىمۇ ئابدۇراھمان خان خوجا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ مۇڭلۇق لىرىكا، پىغانلىق ھېسسىيات بىلەن تولغان مەرسىيەسى بېرىلگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئابدۇراھمان خان خوجىغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت ئەكس ئەتكەن.

دېمەك، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىكى تىراگېدىيە قەھرىمانلار ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى ئالاھىدە تەرەپ بولۇپ، داستاندىكى ھەرقايسى ئېپىزوتلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تىراگېدىيە بولمىسا، قەھرىمانلار ئوبرازى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلمەيدۇ. شۇنداقلا داستان ئاڭلىغۇچىلارغا بېرىلىدىغان مەنىۋى بايلىقتىن ئېغىز ئېچىش بىر قەدەر قىيىن.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:
(1)《文化悲剧与审美救赎》,扬向容; 湘潭大 学学报(哲学社会科学版); 2008 年第一期 7 月
(2)《人生》的魅力: 悲剧美; 姜岚; 海南师范大学学报(社会科学报); 2009 年第一期
(3) «ئۇيغۇر خەلق تارىخىي داستانلىرىنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى ۋە تىراگېدىيەلىك گۈزەللىكى ھەققىدە»؛ ئوسمان ئىسمايىل تارىم، گۆھەرنىسا ئابلىكىم، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 2008-يىللىق 4-سان.
(4) «خوتەن خەلق داستانلىرىدىن ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىقىغا بىر نەزەر»، ياسىن مۇھەممەدنىياز تېكە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 2007-يىللىق 4-سان.
(5) «ئۇيغۇر مۇھەببەت داستانلىرىدىكى تىراگېدىيە ھەققىدە»، رەيھان، «مىراس» ژۇرنىلى، 1993-يىللىق 1-سان.
(6) «قومۇل ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى توغرىسىدا»، ئابدۇللا ئەھمىدى، «قومۇل» ئەدەبىياتى ژۇرنىلى 1993-يىللىق 1-سان.
(7) «تىراگېدىيە توغرىسىدا»: ئايگۈل مۇھەممەد، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2009-يىللىق 4-سان.
(8) ھەر خىل ژۇرناللاردا ۋە «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» ناملىق مەجمۇئەدە ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى.

(ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا)



# دەريا بويىلىقلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى



مەتسەئىدى مەتقاسىم

## ئىككىنچى ئىجتىمائىي ئادەتلەر

### 1. ئائىلە ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت ئادىتى

دەريا بويىدىكى ئائىلىلەردە ئاتىلىق قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر، ئائىلە باشلىقى ھېسابلانغان ئەرنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى ۋە ھوقۇقى چوڭ بولىدۇ. باشقا ئائىلە ئەزالىرى ئائىلە باشلىقىنىڭ ئېغىزىغا قارايدۇ ھەم ئۇ ئورۇنلاشتۇرغان ئىشلارغا شەرتسىز بويسۇنۇپ ئىجرا قىلىدۇ. ئائىلە باشلىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنمىغان، باشباشتاقلىق قىلغان ئائىلە ئەزالىرى كۆرۈلسە قاتتىق تەنقىد ـ تەربىيەگە ئۇچرايدۇ ۋە خاتالىقى تۈزىتىلىدۇ. ئائىلە باشلىقى شۇ ئائىلىنىڭ ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرىنى مۇستەقىل باشقۇرىدۇ. ئايال كىشىنى بۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشتۇرمايدۇ. ئايال تەرەپنىڭ ھەرقانچە توغرا بولسىمۇ، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدۇ. ئائىلە باشلىقى قازا قىلىپ كەتكەن ئەھۋالدا چوڭ ئوغلى ئائىلە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ، چوڭ ئوغلى توي قىلىپ ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئائىلىنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقى يەنىلا چوڭ ئوغۇلدا بولىدۇ. ئائىلە ئاخىرىدا كەنجى ئوغۇلغا مىراس قىلىپ قالدۇرۇلىدۇ. باشقا ئائىلە ئەزالىرىدىن ئىگىمۇ بۇ ئائىلىدە مۇناسىپ نېسىۋىسى بولسىمۇ، «ئاتا ـ ئانامدىن قالغان، ئاتا ـ ئانام كۆرگەن» دەپ ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەتمەيدۇ، ھەتتا ئاتا ـ ئانىسى ھايات ۋاقتىدا تەقسىم قىلىپ ئېلىپ كېتىشكە بۇيرۇغان مىراسلىرىنىمۇ كۆتۈرۈپ ماڭماي شۇ ئائىلىدە ئەتىۋارلاپ ساقلايدۇ. ئائىلە ئەزالىرى ئاتا ـ ئانىسى قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن «ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ چىرىغىنى ياندۇرىمىز، ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ» دەپ ئائىلىسىنى دائىم يوقلاپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدۇ. كىشىلەر ئاتا ـ ئانىسى بەرپا قىلغان ئۆينى چوڭ ئۆي دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن، بۇ يەردىكى ھەر بىر پەرزەنت ئاتا ـ ئانىسىنى ناھايىتى ئۇلۇغ بىلىدۇ ھەم ئۇلارغا بەكمۇ ئىتائەت قىلىدۇ. ئۆي ئىچىدە ئاتا ـ ئانىسى بولسا ئۆگزىگە چىقمايدۇ، بۇنداق قىلىنسا يامان بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئاتا ـ ئانا بىلەن گەپ تالىشىپ جاڭجاللىششنى ئەخلاقسىزلىق دەپ بىلىدۇ، ئەگەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆز ئائىلىسىدە ياخشىراق تاماق ئېتىلسە «ئاتا- ئانامغا گېلىم سىقىلدى» دەپ بىر- ئىككى كىشىلىك ئېلىپ قويۇپ يولۇچى ئارقىلىق ياكى ئۆزى ئاتا- ئانىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. مەيلى كۆيۈئوغۇل ياكى كېلىن بولسۇن قارشى تەرەپنى خۇددى ئۆز ئاتا- ئانىسىدەك كۆرىدۇ. ئۆز ئاتا- ئانىسىغا گېلى سىقىلغانغا ئوخشاشلا قېيناتا ۋە قېينانىسىغىمۇ گېلى سىقىلىدۇ. ھەر بىر ئائىلىدىكى پەرزەنتلەر ناھايىتى مېھرىبان، كۆيۈمچان كېلىدۇ، «بىز ھەممىمىز بىر قورساقتىن چىققان، ھايات- ماماتلىق تەقدىرىمىز بىر» دېيىشىپ سېنىڭ، مېنىڭ دەيدىغان خىياللاردا بولمايدۇ، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش ھەر بىر ئائىلىدىكى پەرزەنتلەرنىڭ ئۇدۇمىغا ئايلانغان.

ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قائىدە- يوسۇنى ۋە ئائىلە ئۇستىلى بولۇپ، ئاتا- ئانا بولغۇچى ئالدى بىلەن پەرزەنتلىرى ئالدىدا ئۈلگىلىك رول ئوينايدۇ. قائىدىلىك، ئەخلاقلىق، سەممىي، راستچىل، چىدامچان، ئەمگەكچان بولۇش ۋە ئائىلە شەجەرىسىگە ۋارىسلىق قىلىش بۇ يەردىكى ئائىلىلەردە دائىم تەكىتلىنىدىغان «ئائىلە دەستۇرى»غا ئايلانغان. ئاتا- ئانا بولغۇچى پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەشكە ماھىر بولۇپ، بۇ جەھەتتە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرىدۇ. ئۆملۈك- ئىتتىپاقلىق، قېرىنداشلىق، مېھرىبانلىق بۇ يەردىكى چارۋىچىلارنىڭ ھاياتلىق مارشىدەك بۇ غېرىبانە قۇملۇقتا جاراڭلاپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ دەريا بويىنىڭ بىر نەچچە ئەسىرلىك تارىخىدا بىرەر قېتىممۇ كوللېكتىپ ياكى شەخسلەر ئوتتۇرىسىدا جەڭگە- جېدەل، ئوغرى- يالغان ياكى بىھۇدە قان تۆكۈلۈشتەك قىلمىشلار يۈز بەرمىگەن. دەريا بويىلىقلار سىرتتىن كەلگەن ھەرقانداق بىر كىشىنى مېھمان، يۇرتداش، قېرىنداش دەپ قارايدۇ ۋە ئۇلارغا تاغدەك ئىشىنىدۇ، ئۆز ئائىلىسىدىن 20 ـ 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئائىلىلەرنى قوشنام دەپ ئاتايدۇ ۋە ئاندا- ساندا تاماق سۇنۇشىدۇ. كىشىلەر بىر- بىرىنى ئىزدەپ سوراپ تونۇشۇشقا ئادەتلەنگەچكە، ھەممىسى بىر- بىرىگە يات بىلىنمەيدۇ. ئۇلار ئادەتتە «ھەممىمىز بىر تۇغقان، ھەممىمىز قېرىنداش» دېگەن سۆزنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدۇ. بىر- بىرىنى قېرىندىشىم، تۇغقىنىم دەپ ئاتىغاندىن باشقا سىرتتىن كەلگەن كىشىلەرنىمۇ شۇنداق ئاتايدۇ. مەن دەريا بويىغا تۇنجى قېتىم بارغان ۋاقتىمدا يەرلىك بىرسى مېنى «ۋاي قېرىندىشىم، ۋاي بىر تۇغقىنىم» دەپ چاقىرغانىدى. مەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن بەكمۇ سۆيۈندۈم، چۈنكى بىۋاستە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان كىشىلەر، يەنى بىر تۇغقان كىشىلەر ئارىسىدا ئىشلىتىلىدىغان بۇ سۆزنىڭ ماڭا ئانچە تونۇش بولمىغان دەريا بويىلىق بىر كىشى تەرىپىدىن ئېيتىلىشى مېنى بەكمۇ ھەيران قالدۇرغانىدى. مەن كېيىن دەريا بويىغا قىلغان بىر قانچە قېتىملىق سەپەر جەريانىدىمۇ «قېرىندىشىم» دېگەن بۇ يېقىملىق سۆزنى كۆپ ئاڭلىدىم. راست، ئۇلارمۇ مېنىڭ قېرىندىشىم ئىدى، لېكىن مەن ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ قېرىندىشىم دەپ چاقىرىپ باقمىغانلىقىمنى ئويلاپ تولىمۇ خىجىل بولدۇم.

بۇ يەردىكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق تەبىقە ۋە دەرىجە پەرقى يوق، ھەممە ئادەم باپباراۋەر.

دەريا بويىلىقلار ناھايىتى ئىجىل- ئىناق ياشايدۇ. ئىتتىپاقلىق ئۇلارنىڭ روھىدىكى يوقالماس ئالتۇن چۆككىگە ئوخشايدۇ. ئىتتىپاقلىققا تەسىر يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق قىلمىشنى چەكلەپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئىتتىپاقلىق بار يەردە بەرىكەت، ئاسايىشلىق، نۇسرەت ۋە ئۇلۇغ كۈچ بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

دەريا بويىلىقلارنىڭ كېسەل يوقلاش ئادىتى سىرتتىن كەلگەن ھەرقانداق بىر كىشىدە ئۆزگىچە تەسىرات قالدۇرىدۇ. ھەر جۈمە كۈنى دەريا بويىلىقلار يېزا مەركىزىدىكى كالتە بازارغا جەم بولىدۇ. جەم بولۇشقا كەلگەنلەرنىڭ بەزىلىرى 170 ـ 190 كىلومېتىر يىراقلىقتىن كېلىدۇ. ئۇلار بىرىمۇ بىر كۆرۈشۈپ ھال ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، كىمنىڭ جەم بولۇشقا كېلەلمىگەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئەگەر ئارىدا بىرەرسىنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقى بايقالسا ئەتىسىدىن باشلاپ ھەممە ئائىلىدىن بىر - ئىككى كىشى ئات- ئۇلاغقا ئولتۇرۇپ ئارىلىقنىڭ قىسقا ياكى ئۇزۇن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كېسەل بولغۇچىنى يوقلاپ كېلىدۇ. ھەتتا بەزىدە ئۇلار كېسەل يوقلاش ئۈچۈن ئىككى - ئۈچ كۈن يول يۈرىدۇ.

دەريا بويىلىقلار ناھايىتى مېھماندوست كېلىدۇ. ئۇلار ئۆيىگە مېھمان كەلسە «بەخت كېلىدۇ» دەپ قارايدۇ. شۇڭا كېرىيەلىكلەر ئارىسىدا «قاش تېشىنىڭ ئاقلىقىنى لۈشتە كۆرۈڭ، مېھماننىڭ ئۇلۇغلۇقىنى دەريا بويىدا كۆرۈڭ» دېگەن سۆز تارقالغان. دەريا بويىلىقلار چۆل،



2010.3

يايلاق قاتارلىق ئادەم ئىنتايىن شالاڭ جايلاردا تەنها يا-
شاشقا كۆنۈپ كەتكەچكە، كۆنلىرى ناھايىتى جاپالىق ھەم
زېرىكىشلىك ئۆتىدۇ. ئۇلار «ئۆيگە مېھمان كەلمىسە
يامان بولىدۇ»، «ئۆيگە مېھمان كەلسە بەرىكەت ياغى-
دۇ» دەپ قاراپ، قايسىبىر يوچۇن مېھماننىڭ كېلىشىنى
كۈتۈپ يولغا قارايدۇ. مېھماننى ئالدى بىلەن ئوچاقنىڭ
يېنىغا باشلاپ ئوت قالاپ كۈتۈۋالىدۇ. ئوت بۇ يەردە
ئىللىقلىقنىڭ، مېھر-مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۇ-
لۇغلانغان. ئۇلار ھەرقانداق مېھماننى قولىغا سۇ بېرىپ
داستىخان سېلىپ، كۆمەچ كۆمۈپ مېھمان قىلىدۇ، ھال
ئەھۋالى ياخشىراقلىرى پاقلان سويىدۇ ياكى پولۇ ئېتىدۇ.
كۆكتات بەك قىس بولغاچقا، ئەتكەن تاماقلىرىغا ناھايىتى
ئاز ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە مېھمان ئۇلۇغ ھەم
ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، قولىغا سوغۇق سۇ تۇتمايدۇ،
دەز قاچىدا چاي ياكى ئاش-تاماق كەلتۈرمەيدۇ. مېھمان-
نىڭ ئالدىدىكى چاي سوۋۇپ قالسا تۆكۈۋېتىپ يېڭىلاپ
تۇرىدۇ، چاينى لىقلاپ قۇيمايدۇ، كۆپۈك چىقىرىشتىن
ساقلىنىدۇ. ئەر مېھمانغا ئەر تەرەپ، ئايال مېھمانغا ئايال
تەرەپ پەتنۇس بىلەن قوش قوللاپ چاي ياكى تاماق
سۇنىدۇ. ئەگەر مېھماننىڭ ئات-ئېشىكى بولسا ئۇنىڭغىمۇ
ئوت-پىچان سېلىپ سۇ بېرىدۇ. چاينى قېنىق دەملەيدۇ،
ئىلاجى بار دورىلىق چاي ئىشلىتىدۇ. داستىخان يېيىلغان-
دىن كېيىن، مېھماننى ئۆيدە بىر-ئىككى كۈن بولسىمۇ
قونۇپ قېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. مېھمان ئۆزرىخاھلىق
ئېيتىپ قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغان ئەھۋالدا
ئۇنى ھويلىسىنىڭ سىرتىغا قەدەر ئۇزىتىپ چىقىپ يەنە كې-
لىشىنى ئېيتىپ خوشلىشىدۇ. ئەگەر مېھمان ئەر بولۇپ
ئۆيدە ئايالدىن باشقا كىشىنىڭ يوقلۇقى بىلىنسە، ئۆيگە
كىرمەي سىرتىدا تۇرۇپلا خوشلىشىپ قايتىدۇ. شۇنىڭغا
ئوخشاشلا كەلگەن مېھمان ئايال بولسا ئۆيدە ئەردىن
باشقا كىشىنىڭ يوقلۇقى بايقالسا ئۆيگە قەتئىي كىرمەيدۇ.
بۇ خىل ئەھۋال ئاساسەن ياشلارغا قارىتىلغان بولۇپ
بالىلار، ئۇرۇق-تۇغقانلار ۋە چوڭ ياشتىكىلەرنى ئۆز ئى-
چىگە ئالمايدۇ. دەريا بويىدا يەنە مېھمانلارغا يوللۇق تۇ-
تىدىغان ئادەت تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ
كەلگەن. بۇ يەردە مۇنداق بىر ئەسلىمنى قىستۇرۇپ ئۆ-
تۈشكە توغرا كېلىدۇ. 2008-يىل 9-ئاينىڭ 18-كۈنى مەن
دەريا بويى بوستانلىقىنىڭ ئەڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان
شېغىل، باسقان كۆل، كۆتەك كۆل، تۈلكە ئاسقان، قىزىل
كۆل، يالغۇز توغراق، پىچانلىق، يۇلغۇنلۇق دېگەن جاي-
لارغا بارغىنىمدا، بۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق مەممەت ئوبۇلھە-
سەن، مەممەت نىياز قاتارلىق يەرلىك چارۋىچىلار ماڭا
«خالتا قىلىپ بېرەلمىدۇق» دەپ خىجىل بولغان ھالدا
توشقان زەدىكى ۋە 20 يۇمىدىن يوللۇق تۇتتى. بۇ
يەردە ئەسلىي خىجىل بولىدىغىنى مەن ئىدىم، چۈنكى
مەن ناھىيە بازىرىدىن 300 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول
بېسىپ ھال ئەھۋالى ياخشى جايدىن بۇ نامرات جايغا
كەلگەن بولغاچقا، قائىدە بويىچە مەن ئۇلارغا خالتا قىلىپ
ئەكىلىشىم كېرەك ئىدى. مەن بەكمۇ خىجىل بولغان ھالدا
دەريا بويىنىڭ كالتە بازىرىدىن سېتىۋالغان ئىككى-ئۈچ
كەمپۈتنى ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا ئاران تەڭلىدىم. مېنى
بەكمۇ ھەيران قالدۇرغىنى، ئۇلارنىڭ «خالتا قىلىپ
يوللۇق تۇتالمىغان، ئالدىڭىزدا بەك خىجىلمىز» دېگەن
سۆزى بولدى. مەن تەكرار-تەكرار ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ
ئۇلارنىڭ يوللۇقىنى ئالماسلىق نىيىتىگە كەلگەن بولسام-
مۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ «بىزنى نامراتكەن دەپ ياراتمايۋا-
تامدىلا» دېگەن سۆزىنىڭ كۈچىدىن ئاخىر ئۇلارنىڭ
كۆڭلىنى ئاۋايلاپ بۇ يوللۇقنى ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم.
ئەتىسى كەچتە دامان توقسۇننىڭ ئوغلى توختى دامان
قۇرۇق دەريا قېنىدىكى كۈزلەگدە گۈلخان يېقىپ مېنى
گۆش ۋە پولۇ بىلەن مېھمان قىلدى، تۈنۈگۈنلا 30
يۇمىگە سېتىۋالغان بىر دانە قوغۇننى پىچىپ بەردى. مەن
ئىلگىرى دەريا بويىغا قىلغان بىر قانچە قېتىملىق سەپىرى-
دە «بۇغدايىنىڭ سايىسىدا قاراموق سۇ ئىچىپتۇ» دېگەن-
دەك چوڭ باشلىقلار ئۈچۈن يېقىلغان گۈلخان يېنىدا ئول-
تۇرۇپ مېھمان بولغان بولسام، ئەمدى مەن تونۇمايدىغان
كىشىلەر ياققان گۈلخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ مېھمان بول-
غانلىقىمدىن ئۆزۈمنى تولىمۇ خۇشال ھېس قىلدىم، مانا بۇ
مەن ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەرنىڭ مېھماندوست-
لۇقى ئىدى.

دەريا بويىدا بىرەر ئۆيگە مېھمان كەلگەنلىكىدىن
خەۋەر تاپقان قولۇم-قوشنىلار دەرھال شۇ ئۆيگە بېرىپ،
مېھماننى ئۆز ئۆيىگە تەكلىپ قىلىدۇ. مېھمان بېرىشنى خا-
لىمىسا خاپا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ھەقىقىي بىر زۆرۈرىيەت
سەۋەبىدىن بارالماي ئۆزرىخاھلىق ئېيتسا، قوشنا تەرەپ
ئۇنى ھامان بىر كۈنى ئۆيگە مېھمان بولۇپ كېتىشكە

www.uyghurkitap.com







دەۋەت قىلىدۇ ھەمدە مېھمان ئۆي ئىگىسى بىلەن خوش-
لاشقانغا قەدەر بىرگە ھەمراھ بولىدۇ. زەيلىكتە ئولتۇرۇش-
لۇق قۇربان ئىسلام ئەسلىدە ماشىنا ھەيدەپ يالغۇز توغ-
راقتا تۇشقان زەدىكى سېتىۋالغىلى بارغان ئىكەن، ئۇ
مېنىڭ موتوسىكلىت بىلەن يول يۈرۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ
بېرىۋاتقانلىقىمدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، مەن تۇرۇۋاتـ-
قان گۈلخانىغا يېتىپ كەلدى، مەن ئىلگىرى قۇربان ئىسـ-
لامنى ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا، ئۇ ماڭا نىسبە-
تەن ناتونۇش كىشى ئىدى. ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشكەندە:

— سىزدەك مېھماننىڭ بۇنداق بۇلۇڭغا كەلمىكى
يامان تەس هاي، ئۇقسام يالغۇز توغراقتىن موتو بىلەن
دەيىنىڭ ئايىغىغا بېرىپسىز ئەينا. بالدۇر بىلگەن بولسام
ماشىغەمدە ئاپىرتتىم يا سىزنى، بىزدەك كۆڭگۈرمەنلەرنى
يازغىلى كېپسىز، قالاپ تۇساق قانداق بولىتا ئەينا. دەريا
بويىدا يېزىشقا بولىتقان يامان جىق ئىش با يە بۇ. مېڭگە،
ماشىغەمگە چىقىڭ بىزنىڭكىگە كىتىلى، — دېدى.

مەن توختى دامانغا قارىدىم، ئۇ مېنى ئېلىپ قالىدى-
غاندەك قىلاتتى. توختى دامان بىلەن قۇربان ئىسلام مېنى
تالىشىپ خېلى پاراڭلاشتى. مەن توختى دامانغا ئۆزرىخاھ-
لىق ئېيتىپ، موتوسىكلىتنى باشقا بىر ھەمراھىمغا تاپشۇ-
رۇپ، كېچە بولۇشقا قارىماي ماشىنا بىلەن 30 كىلومېتىر-
دەك يول يۈرۈپ، قۇربان ئىسلامنىڭ زەيلىكتىكى ئۆيىگە
يېتىپ كەلدىم، مەن باشقا ئۆيدىكىگە ئوخشاش بۇ ئۆيدە-
مۇ ناھايىتى ئوبدان كۈتۈۋېلىندىم. مەن ئۇنىڭغا ماشىنا
كىراسى بېرىشنى ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭ خاپا
بولۇشىدىن ئەنسىرەپ غىڭ قىلمىدىم.

**2. لەقەم**

«لەقەمسىز ئەر بولماس، ئۇياتسىز خوتۇن» دېگەنـ-
دەك دەريا بويىدا ھەممە كىشىنىڭ لەقىمى بار. باراق ۋە
تەكىدىن ئىبارەت جەمەت لەقىمى ئۇلارنىڭ ئاساسلىق لە-
قىمى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە چارۋىچىلار ئارد-
سىدا كەسپىي لەقەم، مىجەز خاراكتېرگە مۇناسىۋەتلىك
لەقەم ۋە تەن ئەيىبى لەقەملەرمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.
بۇ يەردىكى ئاساسلىق لەقەملەر تۆۋەندىكىچە:

باراق، تەكى، يوغا، خارەت، كۆملەك، تۆگە، دىڭ-
دىڭ، توقماق، غىجەك، ۋايجان، تۈلكە، ئەلەم، چاشقان،
سا (سار)، ياغ، كىلتان، پەشتاق، كۆجاڭ، جىن،
شاڭخەي، 26، قاپاق، تاغار، چاققان، تۇلاش، كاداڭ،
ياۋاش، كۈشۈك، نانتەك، ئاقساقال، پوزا، يۇمەك،
پاششا، ئىنگىر، تۇغاي (تورغاي)، چەرچەن، يانجۇق، پو،
پارتىزان، سە، مالىيە، فايەن، قاتناش.

بۇنىڭدىن باشقا دەريا بويىلىقلارنىڭ ئىسىم قويۇش،
چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، خەير - ساخاۋەت، سالاملىشىش،
مىراسخورلۇق ئادەتلىرى ئەتراپتىكى جايلارنىڭ ئادەتلە-
رى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش.

**3. توي-تۆكۈن ۋە ئۆلۈم-يېتىم ئادىتى**

دەريا بويىلىقلارنىڭ توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئا-
دىتى كېرىيەنىڭ مۇشۇ خىلدىكى ئادىتى بىلەن ئاساسەن
ئوخشاش بولۇپ، قىسمەن جەھەتتە ئۆزگىچە. دەريا بويى-
لىقلارنىڭ ھەممىسى قان-قېرىنداش، ئۇرۇق-تۇغقان بول-
غاچقا، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىغا ھەممە
كىشى دېگۈدەك قاتنىشىدۇ. شۇڭا ھەر بىر ئائىلىدە
زاپاس كۆرپە-يوتقان يېتەرلىك ساقلانغان. ئەگەر بىر ئا-
ئىلىدە توي ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغاندا، يەنە بىر ئائىلىدە
تۇيۇقسىز ئۆلۈم-يېتىم ئەھۋالى كۆرۈلسە تويىنى توختى-
تىپ، قازا قىلغۇچىنىڭ قىرىق نەزىرى بېرىلىپ بولغاندىن
كېيىن ئاندىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئادەتتە بەزى چارۋىچىلار
توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىغا ئات، ئۇلاغ ياكى

موتوسىكلىتقا ئولتۇرۇپ بىر-ئىككى كۈندە 100 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ قاتنىشىدۇ. «بىر تەرەپتە هازا، بىر تەرەپتە ناغرا» بولىدىغان ئەھۋال بۇ يەردە ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان. بىۋاستە قانداشلىق مۇناسىۋىتى يوق كىشىلەرمۇ قىرىق كۈنگىچە قارىلىق تۇتۇشقا ئادەتلەنگەن. نەۋرىنى نەۋرىگە چېتىپ ئون نەچچە يېشىدىلا توي قىلىش ئۇزاق مۇددەت داۋاملىشىپ كەلگەن. ئەمما، 1990-يىللاردىن كېيىن ئومۇمييۈزلۈك چەكلەنگەن. شۇنداقتىمۇ بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇرۇق-تۇغقان بولغاچقا، بۇ خىل ئەھۋالدىن ساقلىنىش تەسكە توختىغان. توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرى چارۋىچىلارنىڭ جەم بولۇشىدىكى ئەڭ ياخشى پۇرسەت، ئۇلار مۇراسىم بولغان ئۆيدە كەم دېگەندىمۇ بىر-ئىككى كۈن، ھەتتا ئۈچ-تۆت كۈنىمۇ تۇرۇپ قالىدۇ. مانا بۇ قىز-يىگىتلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن تونۇشۇش ھەم مۇھەببەتلىشىشىدىكى ئەڭ ياخشى پۇرسەت ھېسابلىنىدۇ، بۇنى قانداقتۇر «توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش» دەپ قاراشقا بولمايدۇ

## توي-تۆكۈن ئادىتى

### (1) توي ئالدىدىكى ئەخلاق تەربىيەسى

دەريا بويىلىقلار پەرزەنتلىرى بالاغەتكە يەتكەن مەزگىلدىن باشلاپ ئەخلاق تەربىيەسىنى كۈچەيتىدۇ، ئۇلار «ئەخلاق يوق يەردە شەرم-ھايا يوق، شەرم-ھايا يوق يەردە ھەقىقىي نىكاھ يوق، نىكاھ چۈشمىگەن يەردە مېھىر-مۇھەببەت يوق، مېھىر-مۇھەببەت يوق يەردە ئائىلە يوق» دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراشتا يەنىلا ئەخلاقنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ تەكىتلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قىز-ئوغۇللىرىنى ئىپپەتلىك، ئەخلاقلىق، دىيانەتلىك، ئىشچان، مېھرىبان، تېجەشلىك قىلىپ تەربىيەلەشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىدۇ.

قىز بالىلىرىغا «قىز بالا دېگەن تالانىڭ ئادىمى»، «ئەر خەق بىلەن تەڭ بولما»، «ھىجايغاقنىڭ نەرخى پەس، ئەر ئالمىقى يامان تەس»، «يالاڭباش يۈرسە باشتۇڭ بولۇپ قالىدۇ»، «يالاڭباش سىرتقا چىقسا كۈن قارغىۋېتىدۇ»، «يەكپاي ئاياغ كىيسە ئېرى قېچىپ كېتىدۇ»، «قىز بالا كەچلىكى تالاغا چىقسا توكۇر جىن ئەكېتىدۇ»، «قىز بالا يالاڭباش ياتسا توڭگۇزغا ئايلىنىپ كېتىدۇ»، «بىر يەرگە بارساڭ ئىتتىك بېرىپ ئىتتىك كەل، بولمىسا يامان كۆز تېگىدۇ»، «ئۆيدە يۈندا قوندۇرسا جىن كىرىۋالىدۇ»، «توققۇز ياشلىق قىزى بار ئائىلىدە ئانىسى قازان بېشىغا چىقمايدۇ»، «قومبۇرۇۋاتتا قوم قالار»، «ئېرىڭدىن يامانلىماي ئەيىبىڭدىن يامانلا»، «پارقىراق تاش ئەمەستۇر قاشتۇش، ھاياسىز قىز خۇددى تۇزسىز ئاش»، «ميانە خوتۇن، دىۋانە خوتۇن» دېگەندەك ئەجداد ئۈگۈتلىرى ئارقىلىق ۋەز نەسىھەت قىلىدۇ. ئانا بولغۇچى قىزنى ئەخلاقلىق تەربىيەلەشتە ئاساسلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. قىز چوقۇم تەگمەكچى بولغان ئەرگە قىز پېتى تېگىشى شەرت. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، تويى بولغان قىسقىغىنە بىر قانچە كۈن ئىچىدە ئېرى تەرىپىدىن قوغلىنىدۇ. بۇنداق قىزلارنى ئاتا-ئانىسى «يۈزىمىزنى تۆكتى» دەپ ئۆيگە بىر قانچە كۈن سولاپ قويىدۇ. شۇ ئائىلىنىڭ جامائەت ئىچىدىكى ئىناۋەت-ئابرۇيى چۈشۈپ، خەلقئالەم ئالدىدا لال بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار قىزلىرىنى توي قىلىشتىن ئىلگىرى يالغۇز سىرتقا چىقارمايدۇ، بازارغا ياكى بىر يەرگە بارماقچى بولسا ئۇنىڭغا ئاچا-سىڭىللىرىنى ياكى ئاكا-ئىنىلىرىنى قوشۇپ قويىدۇ. ھەتتا ئانىسى قىزىغا «قىزلىق پىچاق» ھەمراھ قىلدۇرۇپ، ھەرقانداق ۋاقىتتا قىزنىڭ ئىپپىتىنى ساقلاشنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ، دەريا بويىلىقلار ئارىسىدا «قىزلىق بولسا خورازمۇ ساقلىما» دەيدىغان ھېكمەت بار.

دەريا بويىلىقلار ئوغۇللىرىغا «ئوغۇل ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى»، «ئوغۇل — قىز بالىنىڭ مىرەببەسى»، «ئوبدان ئەر خوتۇن خارلىماس»، «خوتۇنىنىڭ ئىشتىنىنى كىيمە»، «خوتۇنىغا سەر بولما»، «ئەرنىڭ غېمى ئەلدە»، «ئەلنىڭ غېمىنى يېگەن ئەر ئۆلمەس»، «ئەل ئۈمىدىنى ئەر ئاقلار»، «ئوبدان ئەر ئەلگە ئورتاق، يامان ئەر مالغا»، «ئەر كىشىگە يەتمىش تۈرلۈك ھۈنەر ئاز»، «ھۈنەرلىك ئەر خار بولماس، دوست دۈشمەنگە زار»، «ئوقۇغان ئوغۇل ئاتىسىدىن ئۇلۇغ»، «زېرەك بالا تېپىپ سۆزلەيدۇ، كالۋا بالا كۆپۈپ»، «قىزنى ئالماي ئانىسىنى ئال»، «ئات ئالساڭ ئاي كېڭەش، خوتۇن ئالساڭ يىل كېڭەش»، «ئاغرىقنى بۇس ئۆلتۈرەر، يىگىتنى نومۇس»، «تۆمۈرنى دات يەيدۇ، يىگىتنى دەرد» دېگەندەك ماقال-تەمسىللەر ئارقىلىق دائىم تەربىيە قىلىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



(2) بېشىنى باغلاش

ئىلگىرى دەريا بويىلىقلار ئوغلى 15 ياش، قىزى توققۇز ياشقا كىرگەندىن باشلاپ ئۇرۇق- تۇغقان ۋە جەمەت ئىچىدىن مۇۋاپىق قىز- يىگىت تاللايدىغان ئادەتنى يېتىلدۇرگەن. ئوغۇل تەرەپ لايىق كۆرگەن قىزنىڭ ئاتا- ئانىسىغا مۇۋاپىق ۋاقىتتا «قىزلىرى بويىغا يېتىپ قاپتۇ، بىزنىڭ ئوغۇلمۇ چوڭ بولۇپ قالدى» دەپ شۇۋىسىنى بېرىدۇ. قىز تەرەپمۇ مۇۋاپىق دەپ قارىسا «سىلىدىن قىزىمىزنى ئايىمايمىز» دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە سوۋغات تەقدىم قىلىدۇ. مانا بۇ قىز - ئوغۇلنىڭ بېشىنى باغلاش دەپ ئاتىلىدۇ. بېشىنى باغلاشتا ئۇرۇق- تۇغقان ياكى ئۆز جەمەتىدىن مۇۋاپىق بىرەر قىز چىقمىسا تەگ سۈرۈشتۈرۈپ تېگى پاكىز، دىيانەتلىك كىشىلەر بىلەن بىر يىل ئەتراپىدا تۇز يېمەك يېيىشىدۇ، خوپ كۆرۈشسە ئۇنىڭدىن كېيىن بېشىنى باغلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بېشى باغلىنىپ بولغان قىز - ئوغۇل شۇنىڭدىن بۇيان باشقىلارغا كۆز تاشلىمايدۇ، ئۆجمە كۆڭۈللۈكتىن قەتئىي قول ئۈزىدۇ. مەن 2009 - يىلى دەريا بويىدا بەزى ئون قىزلارنىڭ «بېشى باغلاقلىق»لىق ئىكەنلىكىنى ئۇچراتتىم. بۇ قىزلار شۇنىڭدىن بۇيان ئۆزىنى پاك تۇتۇپ، ئىككىنچى بىر ئوغۇل بالا بىلەن قەتئىي مۇھەببەتلەشمەيدىكەن. ھېلى ئۇنىڭ بىلەن، ھېلى بۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىپ ئىشقى مۇھەببەتنىڭ پىشمىداقىغا ئايلىنىپ، كىچىك تۇرۇپ دەرد- ھەسرەت تارتىپ يۈرىكى زىدە بولىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمەيدىكەن. «بوينى باغلاقلىق» قىز- ئوغۇللار باشقىلار بىلەن قەتئىي مۇھەببەتلەشمىگەچكە، توي قىلىپ بىر ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن بىر- بىرىنىڭ خۇي- پەيلىنى ئېلىپ ئىناق ئۆتىدىكەن، ئاجرىشىش ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن كۆرۈلمەيدىكەن. ئادەتتە بېشى باغلانغان قىز- ئوغۇل بىر قانچە يىلدىن كېيىن توي قىلىدىكەن.

(3) بارىكاللا قىلىش

ئىلگىرى دەريا بويىدا گۈل توي ئۆتكۈزۈلمەيلا بېشى باغلانغان قىز- ئوغۇلنىڭ تويى ئۆتكۈزۈلۈۋېرەتتى. بېشىنىڭ باغلىنىشى مەلۇم جەھەتتە گۈل قويۇشنى چۈشەندۈرەتتى. توي ئۇچۇن ئالاھىدە ھەشەم قىلىنمايتتى، 1980 - يىللاردىن كېيىن كېرىيەنىڭ بارىكاللا (گۈل توي) ئۆتكۈزۈش ئەنئەنىسى دەريا بويىدىمۇ كەڭ ئومۇملاشتى، بۇنىڭ بىلەن قىز- ئوغۇلنىڭ بېشى باغلانغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، بارىكاللىسىنى قىلىش ئەھۋالى ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلدى.

بارىكاللا قىلىش بولسا ئىككى تەرەپتىكى ئىلگىرى يۈز كۆرۈشمىگەن ئۇرۇق- تۇغقان، يېقىن قوشنىلارنى يۈز كۆرۈشتۈرۈش، قىز تەرەپنىڭ ئوغۇل تەرەپ ئۇچۇن بىر ئوبدان قىزنى تەربىيەلەپ بەرگەنلىكىگە بارىكاللا ئېيتىش چېيى بولۇپ قىز تەرەپتە ئۆتكۈزۈلىدۇ. بارىكاللىسى بولىدىغان كۈنى يىگىتنىڭ ئاتا- ئانىسى ئۇرۇق- تۇغقان ھەم ئۆزى تۇرۇۋاتقان جايدىكى ئابرۇيلۇق ئاقساقاللارنى باشلاپ قىز تەرەپكە بارىدۇ. ئەرلەر تون كىيىپ پوتا باغلايدۇ، ئاياللار جۇۋانچە كۆڭلەك، پەرىجە، ئاق ياغلىق كىيىپ، داستىخانلىرىغا بىر خون نان، چاي- قەنت قاتارلىقلارنى يۆگەپ كېلىدۇ. قىز تەرەپمۇ ئۇرۇق- تۇغقان، يۇرت ئاقساقاللىرىنى چاقىرىپ تون، پەرىجەلىرىنى كىيىپ تەييارلىق قىلىپ ئولتۇرىدۇ، بۇ كۈنى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مېھمىنى ئۇزۇن كىيىملىرىنى كىيىدۇ، مېھماننىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاياللار ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئايال مېھمانلارنىڭ قولىدىكى داستىخانىنى ئېلىپ ئۆيگە باشلايدۇ. ئەر مېھمانلار ئىشىكنىڭ ئوڭ يېنىغا





تىزىلىپ كۆتۈۋېلىشقا چىققان مېھمانلار بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ئايرىم ئۆيگە باشلىنىدۇ، ئۇلار ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ياش پەرقى بويىچە ئۆزئارا خوش ئېيتىشىپ، ئۆينىڭ ئۇلۇغ تەرىپىدىن باشلاپ ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرىدۇ، بارىكاللىسىدا جەمئىي يەتتە قېتىم داستىخان سېلىنىدۇ، باشتا سىنچاي-مەزە قويۇلۇپ هالۋا ئېتىلىدۇ، ئاخىرىدا پولۇ ئېلىپ چىقىلىدۇ، ئادەتتە ئاخىرىدا ئېلىپ چىقىلىدىغان بۇ پولۇنى كىشىلەر «كېتىلىك ئېشى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ، بارىكاللا قىلىش جەريانىدا ئوغۇل تەرەپنىڭ ئانىسى قىز تەرەپكە كىيىم-كېچەك قويىدۇ، قىز تەرەپنىڭ ئاتىسى ئاقساقاللارنىڭ تەلىپى بويىچە قىزنى ئوغۇل تەرەپكە ياتلىق قىلىشقا قوشۇلغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ بارىكاللا ئېيتىپ قايتىدۇ، بارىكاللىسىنى قىلىش جەريانىدا يەنە تۇينىڭ تەخمىنەن ۋاقتى ئالدىن بېكىتىلىدۇ.

(4) توي

دەريا بويىلىقلارنىڭ توي ئادىتى باشقا قېرىنداش يۇرتلار، جۈملىدىن كېرىيەنىڭ توي ئادىتىدىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. بۇ يەردىكى چارۋىچىلار كىچىك ئۇزۇك بوستانلىقلارغا ناھايىتى شالاڭ تارقالغاچقا، بىر ئۆي بىلەن يەنە بىر ئۆينىڭ ئارىلىقى ئەڭ يېقىن بولغاندا 10 ـ 20 كىلومېتىر، ئەڭ يىراق بولغاندا 250 ـ 290 كىلومېتىر كېلىدۇ. شۇڭا توي باغىقى توي ئۆتكۈزۈلۈشتىن ئىككى، ئۈچ كۈن ئىلگىرى ئات مىنىشكە ماھىر ياشلار ئارقىلىق ھەممە ئائىلىگە تارقىتىلىدۇ. توي خەۋىرىنى ئاڭلىغان نەچچە يۈز مېھمان ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي توي بولۇشتىن بىر كۈن ئىلگىرى، يەنى تۇينىڭ ھارپا كۈنى پىيادە ياكى ئات، ئېشەككە مىنىپ يېتىپ كېلىدۇ. 2000-يىللاردىن كېيىن دەريا بويىدىكى بەزى كىشىلەر تويغا موتوسىكلىت، ھەتتا ماشىنا بىلەن بىر كۈن بالدۇر بارىدىغان ئەھۋاللار كۆپەيدى. شۇ كۈنى ئۆي ئىگىسى تويغا ئاتالغان قوي-ئۆچكىلەرنى سويۇپ چوڭ قازان ئاسىدۇ، پىشۇرۇلغان گۆش ئەتىسىدىكى پولۇغا بېسىش ئۈچۈن ئېلىپ قېلىنىپ شورپىسى مەزە بىلەن مېھمانلارغا ئېلىپ چىقىلىدۇ. ئادەتتە ھال ئەھۋالى ياخشىراقلىرى ئاز دېگەندىمۇ بەش-ئون قوي-ئۆچكە، ھال ئەھۋالى ناچارراقلىرى ئىككى-ئۈچ قوي-ئۆچكە سويىدۇ، ئىلگىرى جاي ۋە قارلۇقنىڭ

دەريا بويىدىكى بايلىرى پەرزەنتلەرىنىڭ توي-تۆكۈنلىرىدە 20 ـ 30 قوي-ئۆچكە سويىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان. ئۇ چاغلاردا يەنە تويدا پولۇ ئېتىلمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا ھال ئەھۋالىغا قاراپ بەش-ئون ئۆچكە سويۇلاتتى، مېھمانلار تويدا گۆش ۋە كۆمەچ يەيتتى، بەزى ئەھۋاللاردا قىيما قىلىنىپ چوڭ كۆمەچتىن بىر نەچچىسى تەييارلىنىپ مېھمانلارنى ئۇزىتىشقا ئىشلىتەتتى، چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە بۇنىڭدىن 60 ـ 70 يىل ئىلگىرى دەريا بويىدا توي بولغاندا مېھمانلار قوناق ئۇنىدا ئېتىلىدىغان پوكو كۆمەچ بىلەن مېھمان قىلىنغان، كېيىن گۆش كۆمەچ بىلەن مېھمان قىلىنىدىغان بولغان، ئۇنىڭدىن كېيىن تويدا شۇللە ئېتىلىدىغان ياكى قۇيغاش ئېتىلىدىغان بولغان، 1980-يىللاردىن كېيىن چوڭ قازان ئېسىپ پولۇ ئېتىش ئومۇملاشقان.

كەچتە مېھمانلار توي بولىدىغان ئۆيدە قونىدۇ، يېتىشمىغانلىرى سىرتقا كىگىز سېلىپ ياتىدۇ. دەريا بويىلىقلارنىڭ ئۆيىنى چوڭ ھەم ئارتۇق، يوتقان-كۆرپىلەرنى زاپاس قىلىشىدىكى مەقسىتى توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يىتىم ئىشلىرىدا مېھمانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈندۇر. تويى بولىدىغان يىگىت بىلەن قىز شۇ كۈنى كەچتە ئۆز ئۆيلىرىدە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئولتۇرۇش قىلىپ ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ ۋە تويغا تەييارلىق قىلىدۇ. كەچ كىرىشى بىلەن تەڭ باش يىگىت بولغۇچى ئىككى نەپەر ھەمراھىنى ئېلىپ قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ، ئۇلار يىگىت تەرەپ تەييارلاپ بەرگەن بىر جۈپ لۆڭگە، بىر جۈپ پەرقۇ (ياستۇق)، ھەر خىل مېۋە-چېۋە، يەل-يېمىشلەرنى قىزنىڭ قولدىشىغا يەتكۈزۈپ بېرىپ قايتىپ كېلىدۇ، ھازىر يىگىتنىڭ قولدىشى بەش نەپەر، قىزنىڭ قولدىشى بەش نەپەر بولۇپ ھەممىسىگە نەق پۇل، كۆڭلەك قاتارلىق نەرسىلەر قويۇپ بېرىلىدۇ.

## قىز كۆچۈرۈش

ئىلگىرى دەريا بويىدا توي ۋاقتى ئىككى كۈن بولۇپ، بىرىنچى كۈنى قىزنىڭ ئۆيىدە، ئىككىنچى كۈنى يىگىتنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلەتتى. ھازىر ھەر ئىككى تەرەپتە بىرلا ۋاقىتتا ئۆتكۈزۈلىدۇ. قىز ۋە يىگىت ئەنئەنىۋى كىيىملەرنى كىيىدۇ، مېھمانلار ئۆزى بارغان ئۆيدە شوكۇمنى قويۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر ئۆيگە بارىدۇ. ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرى توي بولغان ئۆيدە

تۈرىدۇ. كېيىن قىز كۆچۈرگىلى بارغاندا يەنە بىر تەرەپكە شوكۇم قىلىدۇ. ئىلگىرى قىز ئات، ئېشەككە مىندۈرۈلۈپ كۆچۈرۈپ كېلىنەتتى، ھازىر ماشىنىدا كۆچۈرۈپ كېلىنىدۇ، دەريا بويىلىقلارنىڭ توي ئادىتىدىكى يەنە بىر ئوخشىماسلىق شۇكى، يىگىت تەرەپنىڭ مېھمانلىرى قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە كىرىش جەريانىدا ھەممىسىگە ئىشىك تۈۋىدە بىر خون كاكچا ئۈستىگە قويۇلغان توغرالغان گۆش، كەمپۈت قاتارلىق يېمەكلىكلەر تۇتۇلىدۇ. كېرىيەدە پەقەت يىگىتنىڭ مېھمانلىرى بىلەن ئاياللارغىلا تۇتۇلىدۇ، ئەر مېھمانغا تۇتۇلمايدۇ. توي بولغان قىز قېنىق گىرىم قىلمايدۇ، ئۆزىنىڭ بىر بۇلۇڭنى تاللاپ ئادەتتىكىچە بېزەپ ئولتۇرىدۇ، مىللىي ئەنئەنىگە يات كىيىمنى قەتئىي كىيمەيدۇ، كېرىيەدە قېيىن بۇيانلار ئارىسىدا توي كۈنى بىر لېگەن پولۇغا بىر پارچە دۈمبە بېسىپ تۇتىدىغان ئەھۋال بار. لېكىن ئۇ ئاتا-ئانىدىن ئىبارەت ئىككى نەپەر كىشى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. بىراق دەريا بويىدا دۈمبىلىك پولۇ ئون ئەتراپىدىكى كىشىگە تۇتۇلىدۇ، ھەر ئىككى تەرەپ شوكۇم قويۇش داۋامىدا قېينانا بولغۇچى كۈيۈئوغلىغا ئاق پوتا، يىگىتنىڭ ئانىسى بولسا كېلىنگە رەڭلىك پوتا باغلاپ قويىدۇ، مېھمانلار ئۇرۇق-تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى ۋە ھال ئەھۋالىغا قاراپ گىلەم، نەق پۇل، ئوغلاق، يوتقان-كۆرپە ياكى رەخت شوكۇم قىلىدۇ. نىكاھ ئوقۇش باشقا يۇرتلار بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە. شۇ كۈنى كەچتە قىزنى «كۆرسىتىش» ۋە «يۈز ئاچقۇ» ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئەتىسى يىگىتنىڭ ئۆيىدە كىچىك يوقلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىلگىرى قىز تەرەپتىكى توي مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن يىگىت قولدىشى تويى بولغان يىگىتنى بىر ئاتقا، قىز قولدىشى تويى بولغان قىزنى يەنە بىر ئاتقا مىندۈرۈپ ئۇلارنى يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىدىغان ئادەت بار ئىدى. ھازىر بۇنداق ئەھۋالنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ئىلگىرى قىزنىڭ تويلۇقى ناھايىتى ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىقتىسادىي ئىشلاردىنمۇ بەك قىز-يىگىتنىڭ بەختلىك بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. ئۇ چاغلاردا قىز-يىگىتنىڭ ئاجرىشىش نىسبىتى پەۋقۇلئاددە تۆۋەن بولغان، بىر قېتىم نىكاھتىن ئاجراشقان ئاياللار بىر ئۆمۈر تۇل ئولتۇرىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلگەن، ھازىر بۇ يەردىكى قىزلارنىڭ تويلۇقى بارغانسېرى ئېغىرلاپ كەتكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆتكۈزۈلگەن تويلارنىڭ ھەممىسى كېرىيەنىڭ يەرلىك توي ئادىتى بىلەن ئاساسىي جەھەتتە ئوخشىشىپ قالغان، قىز-يىگىتلەرنىڭ ئاجرىشىش نىسبىتى كۆپەيگەن. بۇ ئەھۋال دەريا بويىنىڭ ئىلگىرىكى ساپ ئىجتىمائىي ئەخلاقىغا بەزى نۇقسانلارنى يەتكۈزگەن، بەزى ياشلارنىڭ ئىككى-ئۈچ قېتىم توي قىلىشىدەك ئەھۋاللار ئاتا-ئانىلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان مەسىلە بولۇپ قالغان، ئىلگىرى تويدا نەغمە-ناۋا قىلىش، ئوغلاق تارتىشىش، ھەر خىل قىزىقارلىق خەلق ئويۇنلىرىنى ئويناش بىر قەدەر ئومۇملاشقان بولسا، ئەمدىلىكتە VCD پلاستىنكىسى ياكى MP3 گە دىسكو ئۇسسۇللىرىنى ئوينايدىغان بولغان، تويدا دۇتار، تەمبۇر چېلىپ نەغمە قىلىدىغان ئەھۋاللار ئازلاپ كەتكەن.

دەريا بويىدىكى توي مۇراسىمىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، توي كۈنى بىرمۇ ئادەم يالاڭباش يۈرمەيدۇ. ھەممە ئادەم يەرلىك ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەكنى كىيىدۇ، توي ئاساسەن يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي خاسلىققا تويۇنغان ھالەتتە ئۆتكۈزۈلىدۇ، بۇ يەردىكى پېشقەدەم چارۋىچىلارنىڭ مىللىي ئەنئەننى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش روھى كىشىنى بەكمۇ سۆيۈندۈرىدۇ ھەم ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا چۆمدۈرىدۇ.

1993-يىلى ياپونىيە توكيو تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 2-قانىلىنىڭ بىر قىسىم خادىملىرى دەريا بويىدىكى بىر ئائىلىدە يەرلىك ئۆرپ-ئادەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن توي مۇراسىمىنى سۈرەتكە ئالغاندىن كېيىن، كېرىيەگە قايتىپ كېلىپ، شائىر مەمەتئەيسا قۇربانىنىڭ چوڭ قىزىنىڭ تويىنى سۈرەتكە ئالدى. مەنمۇ شۇ ۋاقىتتا ئۇلار بىلەن تەڭ تويىنى سۈرەتكە ئېلىشقا قاتناشقان ئىدىم، كېيىن ئۇلار «دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ توي مۇراسىملىرى» ناملىق كۆپ قىسىملىق چاتما فىلىمدە پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ توي مۇراسىمىغا ۋاكالىتەن بۇ ئىككى تويىنى فىلىم قىلىپ ئىشلەپ تارقاتتى، مەن بۇ فىلىمنى ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىچكىرىدىكى بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ قايسىدۇر بىر قانىلىدىن كۆردۈم، بۇ فىلىمنىڭ چۈشەندۈرۈش سۆزىگە «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى توي مۇراسىم ئادىتى كېرىيەنىڭ دەريا بويىدا ئەڭ مۇكەممەل ساقلىنىپ داۋاملىشىپ كەلمەكتە» دېگەندەك سۆزلەر ئىشلىتىلگەن ئىدى.

(5) ئازنىلاش

توي بولۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن سىكىلەك ھەر ھەپـ
تىنىڭ پەيشەنبە ياكى جۈمە كۈنى چوڭ ئۆيگە بېرىپ ئـاتا ـ
ئـانىسنى يـوقلايدۇ، بـۇ خـىل ئـادەت دەريـا بـويىدا
ئازنىلاش (جۈمەلەش) دەپ ئاتىلىدۇ. سىكىلەك ھەر ئازنا
كۈنى ئەتىگەندە ئازنىلايدىغانلىقىنى ئېرىگە دەپ قويۇپ
قېينانىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئـالىدۇ، قـېينانىسى قـوشۇلسا
قۇرۇق قول يولغا سالماي داستىخان يۆگەپ ئېرى بـىلەن
بىرگە يولغا سالىدۇ. ئۇلار چوڭ ئۆينىڭ ئىشىنى قىلىشىپ
بەرگەچ بىر كۈن تۇرۇپ قايتىپ كېلىدۇ، ئەگەر ئـېرىنىڭ
ئىشى بولسا ياكى ئۆيدە بولمىسا، قېينانىسى قوشۇلغاندىن
كېيىن كىچىك بالىدىن بىرنى قوشۇپ يولغا سالىدۇ، قـېينا ـ
نـىسى قـوشۇلمىسا سـىكىلەك ئـۆز بـېشىمچىلىق قـىلىپ
ئـازنىلاپ بـارمايدۇ، ئـەگـەر ئـۆز بـېشىمچىلىق بـىلەن
ئازنىلاپ كەتسە بۇ بىرەر ئىشتىن قېيداپ يـاكى يـامانلاپ
كەتكەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ.

(6) بىلەكلىك

دەريا بويىدا بىلەكلىك ئۆتكۈزۈش بۆگۈنكى كـۈنگە
قەدەر ئىزچىل داۋاملىشىپ كـەلمەكتە. بـىلەكلىك ئـەسلىدە
بۆلەكلىك ياكى بۆلەك قويۇش (ئـايرىم قـويۇش) دېگـەن
سۆزدىن كـەلگەن بـولۇپ، ئۇ يـاش ئـەر ـ خوتۇنلارنـىڭ
چوڭ ئۆيدىن ئـايرىلىپ چـىقىپ ئـۆز ئـالدىغا مۇستەقىل
تۇرمۇش كـەچۈرۈشنى بـاشلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دەريـا
بويىدا تويى بولغان ھەرقانداق قـىز ـ يـىگىت ئـاتا ـ ئـانىنى
بـېقىش مـەجبۇرىيىتىنى ئـۆتەش ئـۈچۈن، ئـايرىم ئـۆي ـ
ئـوچاقلىق بـولماي ئـوغـۇل تـەرەپنىڭ چـوڭ ئـۆيـدە
تۇرىدۇ. ئەگەر ئـۇلارنىڭ بـىر ئـۆيدە ئـولتۇرۇپ قـېلىش
ئـېھتىماللىقى 70% ئـەتراپىدا مۇقىملاشقان بـولسا، چـوڭ
قازان ئېسىپ بىلەكلىك ئۆتكۈزىدۇ. بۇ كۈنى ھەر ئـىككى
تەرەپنىڭ ئۇرۇق ـ تـۇغقان، دوست ـ بـۇرادەرلىرى چـارۋا،
گىلەم، يوتقان ـ كۆرپە، قازان ـ قومۇچ قـاتارلىق تـۇرمۇش
لازىمەتلىكلىرىنى يـاش ئـەر ـ خوتۇنلارغا شوكۇم قـىلىپ،
ئـۇلارنـىڭ ئـايرىم ئـۆي ـ ئـوچاقلىق بـولغانلىقىنى
مۇبـارەكلـەيدۇ. بـىلەكلىكىنى قـىلىشتىن ئـىلگـىرى
ئوغۇلنىڭ دادىسى ئوغلىغا ئايرىم ئۆي سېلىپ كېرەكلىك
ئائىلە جابدۇقلىرىنى تەييارلايدۇ، توي قىلىپ بىلەكلىكىسى
ئـۆتكۈزۈلگەنگە قـەدەر يـاش ئـەر ـ خـوتۇنلار تـاپقـان ـ
تـەرگىنىنىڭ ھـەممىسىنى چوڭ ئـۆيگە ئـۆتكۈزىدۇ. ئـاتا ـ
ئانىسى مۇۋاپىق نىسبەتتە ئۇلارغا تەقسىم قىلىپ تـۇرىدۇ،
بـىلەكلىك بـولغاندا يـاش ئـەر ـ خـوتۇنلارنىڭ يـىغقان ـ
تەرگەن نېسىۋىسىگە نەچچە ھەسسە قوشۇپ قايتۇرىدۇ.

## جۈۋان توي

جۈۋان توي ئادەتتە چاچباغ توي دەپمۇ ئـاتىلىدۇ،
جـۈۋان تـوي دەريـا بـويىنىڭ تـوي ئـادىتى ئـىچىدە بـىر
قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان. ئۇ تارىخنىڭ ئۇزاقلىقى، ئەھـ
مـىيىتىنىڭ چـوڭلۇقى ۋە ئـۆزگىچە ئـالاھىدىلىكى بـىلەن
ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىپ كـەلمەكتە.
جـۈۋان تـوي چـوكاننىڭ ئـىككى ـ ئـۈچ بـاللىق بـولۇپ
جۈۋان يېشىغا يەتكەنلىكىنى، ئېرى بىلەن ئـۆمۈرلۈك ھـەمـ
راھقا ئايلىنىپ ھەقىقىي بىر ئـۆيگە كـىرگەنلىكىنى قۇتلۇقـ
لاش يـۈزىسىدىن ئـانىنىڭ قـىزىغا ئـۆتكۈزۈپ بـېرىدىغان
بىر خىل توي شەكلىنى كـۆرسىتىدۇ. تـوي كـۈنى قـېيىن ـ
بۇيان تەرەپ چاقىرغان مېھمانلار جۈۋان بولغۇچىنىڭ ئۆ ـ
يىدە بىر كۈن مېھمان بولىدۇ، جۈۋان بولغۇچىنىڭ ئـېرى
مال سويۇپ چوڭ قازان ئاسىدۇ، مېھمانلار ئومۇميۈزلۈك
جەملىنىپ بولغاندىن كېيىن، جۈۋاننىڭ ئانىسى ئۆزى تـەيـ
يارلىغان جۈۋانچە كۆڭلەك، پەرىجە، ئاق ياغلىق، كـىچىك
تەلپەك قـاتارلىقلارنى داستـىخانغا قـويىدۇ، جۈۋان تـويى
بولغۇچى سىكىلەك ھال ئەھۋالىغا قاراپ ئـاتا ـ ئـانىسى ۋە
قېيناتا، قـېينانىسىغا تـونچە كـىيىملەرنى تـەقدىم قـىلىدۇ.
ئەگەر ئېرىنىڭ خوتۇنىغا ئاتىغىنى بولسا نەق مەيداندا قو ـ
يۇلىدۇ، ئـارقىدىنلا بـاشقا مـېھمانلارمۇ شـوكۇم قـويىدۇ،
كېيىن پەردازچى ئاياللار ياكى قىزنىڭ ئـانىسى سىكىلەك ـ
نىڭ قاش ـ كىرپىكلىرىنى 30 سانتىمېتىر ئـەتراپىدىكى ئـىنـ
چىكە يىپتا ئۇلاپ، يىپنىڭ بىر ئۇچىنى چىشلەپ، بـىر ئـۇ ـ
چىنى ئالماپ قاش، كۆز، كىرپىك ئەتراپىدىكى ياۋا تـۈكـ
لەرنى يىپنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ بىر بارمىقىدا بېسىش ئـارقـ
لىق يىپنى سىيرىپ ياۋا تۈكلەرنى تېرىپ ئېلىۋېتىدۇ. شۇـ
نىڭغا ئۇلاپلا پېشانە، چېكە ماڭلىيىنى ئـارقىسىغا قـايرىپ،
چېچىنى ئـوتتۇرىدىن ئـىككىگە ئـايرىپ ئـۆرۈپ كـەينىگە
قـويۇپ بـېرىدۇ، ئـۇنـىڭدىن كـېيىن چـوكانغا جۈۋانچـە
كۆڭلەك، پەرىجە، ئاق يـاغلىق، كـىچىك تـەلپەك كـيىدۇـ
رۇپ مېھماننىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىدۇ، مېھمانلار ئورۇنلىـ
رىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ سىكىلەك دەۋرى بىلەن خوشلىشىپ
رەسمىي جۈۋان (چوكان) بولغانلىقىنى قۇتلۇقلايدۇ.

(داۋامى بار)

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا)



# مۇقام ئىشقىدا كۆيگەن يۈرەك

**ياقۇپ ئىسمائىل قۇرۇلچى**



مۇقام ۋارىسى ــ ئىلى مۇھەممەد

بىز ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان تۇرپان مۇقاملىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئەسلەپ ئۆتكىنىمىزدە، تۇرپان مۇقاملىرىنىڭ بۆشۈكى بولغان ئەزىز دىيار لۈكچۈندە يېتىشىپ چىققان مۇقام پېشىۋالىرىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز ئەلۋەتتە! ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا ئىجابىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ ۋە ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، ئوتلۇق قەلبلەرنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئورۇن ئالغان خەلق سەنئەتكارلىرىغا لىللا باھا بېرىش، ئۇلارنىڭ خەلق سەنئىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش يولىدا جانپىدالىق بىلەن ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئۆلگەندە ئەمەس، بەلكى ھايات چېغىدا ئۇلۇغلاپ، ئۇلارنى قەدىرلەش، بىزنىڭ باش تارتىپ بولماس مەجبۇرىيىتىمىز ھەم قەرزىمىز.

تۇرپان مۇقاملىرىغا ئىجابىي يوسۇندا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداپ، پۈتۈن دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتۈرۈش يولىدا جانپىدالىق بىلەن ئىزدىنىۋاتقان، مۇقام ۋارىسلىرى ئىچىدە تەشكىلاتچىلىق رولىنى ئويناپ، خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىقتىسادىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئايانماي كۈچ سەرپ قىلىۋاتقان ئىلى مۇھەممەد ئەپەندى ــ بىز ھايات چېغىدا ئۇلۇغلاپ، قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئۇستاز مۇقامچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ گەرچە ئۇستا مۇقامچى، شۇنداقلا لۈكچۈن بازارلىق ئىشتىن سىرتقى مۇقام گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى، بىر تەشكىللىگۈچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ بىر ئادەم، ھەقىقىي ئەركەك ئىكەنلىكىنى

تونۇپ يېتىپ، باشقىلار بىلەن تۈر تالاشمىدى، ھەر خىل ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئالدىدا تەۋرىنىپ قالماي، شۇ ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەردىن ئەلىك ئالدى بىلەن دېھقان مۇقامچىلارنى بەھرىلەندۈردى، مۇقامچىلارنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، زور بىر گەۋدە بولۇشىغا ئاساس سالدى.

مەن ئىلى مۇھەممەدنى تېخىمۇ چۈشىنىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم.

— سىز بىر تالانتلىق مۇقام ۋارىسى، شۇنداقلا ئىشتىن سىرتقى مۇقام گۇرۇپپىسىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، تۇرپان مۇقاملىرىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىغا قانداق قارايسىز؟

— ئەمەلىيەتتە تۇرپان مۇقاملىرى ئالدى بىلەن خەلق سەنئىتى بولغاچقا، ئۇ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن، ھازىر بەزىلەر ملادى 16 ـ ئەسىردە لۈكچۈن دىيارىدا ياشاپ ئۆتكەن ئۇستاز مۇقامچى، مۇقام پېشۋاسى ئېلىنىياز شەيخ ھەزرىتىمنى تۇتقا قىلىپ ئولتۇرۇپ، شۇ كىشىنى بىرىنچى ئەۋلاد مۇقامچى دەپ ئاتاپ، ئۆزلىرىنى مانچىنچى ئەۋلاد مۇقام ۋارىسى دەپ بېكىتتى، ئۆزىڭىزگە ئايان بولغىنىدەك، ھازىر لۈكچۈندىكى مۇقامچىلىرىمىز ئارىسىدا 10 ـ ئەۋلاد مۇقام ۋارىسى دەيدىغان ئۇقۇملارمۇ پەيدا بولدى، 10 ـ ئەۋلاد مۇقام ۋارىسى دېگەن تېخى ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغان ئۆسمۈرلەرگە بېرىلگەن نام، مۇقامچىلىرىمىز ئۆزلىرىنى شۇنداق ئاتاپ، ماتېرىياللارغىمۇ شۇنداق يازغانلىقى ئۈچۈن، بەزى نەشر ئەپكارلىرىمىزمۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ شۇ بويىچە ماقالىلەر ئېلان قىلىۋاتىدۇ، مەن بۇلارنى ھەر بىر كۆرگىنىمدە ئىختىيارسىز ھالدا غەزەپلىنىپ كېتىمەن، چۈنكى بۇ پالانى ئەۋلاد مۇقامچى دېگەن گەپلەر تۇرپان مۇقاملىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى تەبىئىي توساق، پاسىل تام، نېمىشقا دېگەندە تۇرپان مۇقاملىرىنى شۇ ئېلىنىياز شەيخ ھەزرىتىم ئۆزى ئىختىرا قىلغانمۇ؟ تۇرپان دىيارىدا ئېلىنىياز شەيختىن بۇرۇن مۇقام ۋە مۇقامچى يوقمىدى؟ دېگەندەك سوئاللار مۇقام تارىخىي تەتقىقاتىدىن ئىبارەت بۇ ئىلمىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ۋىجدان ئىگىلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىگە ھېچبىر ئارام بەرمەيۋاتىدۇ، يېقىندا مەن ئىگىلىگەن بىر قىسىم ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا ئۆتكەن «36 بەگلىك»نىڭ بىرى، يەنى خۇ (胡) بەگلىكى دەل بىزنىڭ يۇرتىمىز لۈكچۈندە قۇرۇلغانىكەن، شۇ مەزگىللەردە ھونلار ئۈزلۈكسىز قۇدرەت تېپىپ، بىر تەرەپتىن خەن سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كېلىپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ خەلقنى قاتتىق قاقشاتقانىكەن، بۇ چاغدا خۇ بەگلىكىدە «دەندەر» ئىسىملىك بىر شائىر ھەم غەزەلخان ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ خۇ بەگلىكى پۇقرالىرىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان خورلۇقلارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر نەزمە يېزىپ، ئۇنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتقانىكەن، كېيىنكى كۈنلەردە بۇ ناخشا «دەندەرخۇ» نامى بىلەن خەلقنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، خېلى بىر زامانلارغىچە ئېيتىلىپ كەلگەنىكەن. بىز يۇقىرىدا تۇرپان مۇقاملىرى تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى، دەپ ئېيتقانىدۇق، دېمەك، مۇقامنى مەن ياكى ئۇ ئىجاد قىلغان نەرسە ئەمەس، ئۇ ئۇزۇن تارىخىي زامانلار جەريانىدا، ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ، ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆتكەن ئالىملار، ئەدىبلەر، خەلق سەنئەتكارلىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان كۈيلەرنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن ۋە تاكامۇللىشىشىدىن روياپقا چىققان مۇكەممەل بولغان چوڭ تىپتىكى كۈيلەر توپلىمىدىن ئىبارەت.

— قارىغاندا ئىستېداتلىق بىر مۇقام ۋارىسى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن تۇرپان مۇقاملىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە يەنە، تۇرپان مۇقاملىرىنىڭ تارىخىنىمۇ خېلى سىستېمىلىق تەتقىق قىلغان ئوخشايسىز. ئەمدى بۇرۇنقىنى قويۇپ ھازىرغا كەلسەك، سىز تەشكىلاتچىلىق رولىنى ئوينىغاندىن بۇيان، يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن ئۇستاز مۇقامچى ۋە ھازىر سىز بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان مۇقام ۋارىسلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى توغرىسىدا بىرەر خىزمەت ئىشلەپ باقتىڭىزمۇ؟

— مەن ئەسلىي بىر يارامىلىق ئوقۇتقۇچى ئىدىم، لېكىن خەلق ناخشىلىرىغا، تۇرپان مۇقاملىرىغا بولغان قىزغىن ئىشتىياق مېنى سەنئەت ساھەسىگە باشلاپ كىردى، 2004 ـ يىلى 14 يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىم بىلەن خەيرلىشىپ، لۈكچۈن بازارلىق مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە پونكىتىغا يۆتكىلىپ كەلدىم. مەن بۇ ئورۇنغا كەلسەم، بىزنىڭ لۈكچۈندىكى يېتۈك مۇقام ئىجراچىمىز ھازىر ئىككىنچى سەپكە چېكىنگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇقام ئىشقىدا ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچە پەرۋانىلەرچە كۆيۈشكە ئىرادە باغلىغان تەۋەررۈك ئۇستازىم تۇرسۇن ئىسمايىل ئاكا بار ئىكەن، ئۇ كىشى شۇ چاغلاردىلا




مەملىكەتلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش باشقارمىسىنىڭ پىروفېسسورى تيەن چىڭ بىلەن بىللە

پىيادە ياكى ۋېلسىپىتلىك قاتناپ يۈرۈپ، يېقىنقى زاماندا لۈكچۈندە ياشاپ ئۆتكەن ئۇستاز مۇقامچىلاردىن ئىسمايىل مازىن، نۇر سىۋاك، يۈسۈپ پەنباش، شېرىپ سۇنايچى، قاسىم چىۋىش، مۇھەممەد ئىبراھىم قاتارلىق بىر تۈركۈم خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ خاتىرە سۈرەتلىرىنى توپلاپ، ئۇلارنى چوڭايتىپ رامكىغا ئېلىپ ئۇلگۈرگەنىكەن، مەن كەلگەندىن كېيىن، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن مەرھۇملاردىن تارتىپ، هازىر بىز بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ مۇقام ئورۇنداۋاتقان خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ سۈرەتلىرىنى توپلاپ، ئۇلارنىڭ ھەر خىل يىغىلىشلاردا مۇقام ئورۇنداۋاتقان سۈرەتلىرى بىلەن گىرەلەشتۈرۈپ، تۇرسۇن ئاكام توپلىغان سۈرەتلەرگە قوشتۇم. شۇنداقلا تەۋەررۈك ئۇستازىمىز تۇرسۇن ئىسمايىل ئاكىنىڭ هاياتلىق كارتىنىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن زور ھەجىمدىكى تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ماقالىنى يېزىپ تۈگەتتىم، ھەر بىر مۇقامچىنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقا قىلىپ ئارخىپلاشتۇردۇم. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى مەقسىتىم شۇكى، ئەگەر شارائىت يار بەرسە يەنە مۇقام گۇرۇپپىسىغا يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن بىرگە، شۇ گۇرۇپپىمىزدىكى ھەر بىر شەخس توغرىسىدا مەخسۇس ماقالە يېزىپ، مۇقامچىلىرىمىز ھەققىدە بىر كىتاب نەشر قىلدۇرماقچىمەن.

— ئاڭلىسام سىز لۈكچۈن بازارلىق مەدەنىيەت-تەنتەربىيە پونكىتىنىڭ باشلىقى، ئىشتىن سىرتقى مۇقام گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى بولغاندىن كېيىن، دېھقان مۇقامچىلار ئۈچۈن بىر ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنى «تۆمۈر تاۋاق»قا ئېرىشتۈرۈپسىز، مالال كەلمىسە بۇ ھەقتىمۇ بىر ئاز سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟

— مۇقام ۋارىسلىرىدىن مۇھەممەد ئىبراھىم ئاكام، تۇرسۇن ئىسمايىل ئاكام ۋە مېنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى ھەممىسى دېھقان مۇقامچىلار، مەرھۇم مۇھەممەد ئىبراھىم ئاكام يېتۈك بىر مۇقامچى، ئۇستاز پېداگوك، شۇنداقلا بىر قابىل تەشكىلاتچى ئىدى، مەرھۇم بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالىدىغاندىن ئىككىمىزلا قالدۇق. قالغانلار تۇرپان مۇقاملىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خالىس تۆھپە قوشىدىغانلار ئىدى، لېكىن ئۇلار دېھقان بولغاچقا، «قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ» دېگەندەك، ئائىلە بىلەن ئاتا-ئانا، خوتۇن-بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداشى كېرەك ئىدى، لېكىن مۇقامچىلىرىمىزنىڭ داڭقى چىققاندىن كېيىن، ئۇلار قاتنىشىدىغان ھەر خىل پائالىيەتلەر، كۆرەكلەر كۆپەيگىلى تۇردى، تېخى بۇ پائالىيەتلەر تازا ئىش ۋاقتىغا توغرا كېلىدىغان بولغاچقا (مەسىلەن، ئۈزۈم سەيلىسى ئۈزۈم ئۈزىدىغان ۋاقىتقا، نورۇز سەيلىسى تەك ئاچىدىغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ) ئۇلارنى بۇ خىل پائالىيەتلەرگە تەشكىللىسەك، ئۇلاردىن بەزىلىرى نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ھەلەكچىلىكىدە سەپتىنمۇ چۈشۈپ قالدى، مەن بۇ ئىشلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، پىچان ناھىيەسىدىكى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن كۆپ سۆزلەشتىم، نەتىجىدە پىچان ناھىيەلىك پارتكومىنىڭ سېكرېتارى جاۋ ۋېنچۈەن، پىچان ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى پەرھات قادىر، مۇئاۋىن ھاكىمى ياسىن ئېلىلار بۇ ئىشقا جىددىي قاراپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يوليورۇق بېرىپ، دېھقان مۇقامچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى

ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تاپىلىدى.

شۇنىڭ بىلەن، ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسى ۋە لۈكچۈن بازارلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئۆزئارا خىزمەتلەرنى ماسلاشتۇرۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئون نەپەر دېھقان مۇقامچىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىغا قاردتا يۇقىرىسى 600 يۈەندىن، تۆۋىنى 400 يۈەنگىچە تەمىنات بېرىلىۋاتىدۇ، تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولغان دېھقان مۇقامچىلىرىمىزنىڭ جاسارىتى ئۇرغۇپ، تۇرپان مۇقاملىرىنى ياخشى ئورۇنداپ، پارتىيە، خەلققە جاۋاب قايتۇرۇش ئىرادىسى ھەسسىلەپ ئۆستى. مانا بىز 2009 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇرپان ۋىلايىتى ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىق خاتىرە كۈنىدە مۇقام ئورۇندىغانلىقىمىز بولدى، دىيارىمىز شىنجاڭدىن يېتىشىپ چىققان ئالىم، تىلشۇناس ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىگە ئوخشاش ساناقلىقلا كىشىلەر بىلەن قاتنىشىش شەرىپىگە ئېرىشەلىگەن مۇشۇنداق بىر سورۇنغا، مەنمۇ تەكلىپكە بىنائەن قاتنىشالىدىم، مەن بۈگۈنكىدىن ئۆزۈمنىڭ بىر مۇقامچى بولۇپ قالغانلىقىمغا شەرەپ ھېس قىلىمەن.

— سىز تۇرپان مۇقاملىرىنىڭ بۈگۈنكىدىن كېيىنكى ئىستىقبالىغا قانداق قارايسىز؟ — دەپ سورىدىم يەنە.

— تۇرپان مۇقاملىرىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى تېخىمۇ پارلاق بولىدۇ، نېمىشقا دېسىڭىز فېئوداللىق تۈزۈم ئاستىدا ياشىغان مۇقامچىلىرىمىز مۇقام ئىشقىدا شامدەك ئېرىپ، پەرۋانىدەك كۆيگەن بولسىمۇ، ئەينى دەۋردىكى گاڭ خوجىلارنىڭ خاھىشى بويىچە، مۇقاملارنى پەقەت ئورۇنلاردىلا ئېيتىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئازادلىقتىن كېيىن بولۇپمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن سىياسەتلەر ئەمەلىيلىشىپ، بىزدەك تامچىلارغا كەڭرى سەينا ھازىرلاندى، مەزكۇر رەھبەرلەردىن تۆمۈر داۋامەت، ئىسمايىل ئەھمەد، ئىسمايىل تىلىۋالدى قاتارلىق رەھبەرلەر ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن ئاز بولمىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇيغۇر مۇقاملىرى 2005 ـ يىلى 25 ـ نويابىر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى» دەپ ئەنگە ئېلىنىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ھازىرغىچە دىيارىمىزدىكى «دولان مۇقامى»، «تۇرپان مۇقامى»، «قومۇل مۇقامى» قاتارلىق يەرلىك مۇقاملار رەتلىنىپ، VCD ، CD پىلاستىنكىسى قىلىنىپ نەشر قىلىندى، شۇنداقلا مۇقامشۇناسلىق مەخسۇس بىر پەن سۈپىتىدە، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلۈپ، نۇرغۇن مۇقام ۋارىسلىرى تەربىيەلىنىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە لۈكچۈندە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى قېتىم «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام ۋارىسلىرى»نى تەربىيەلەش مەركىزى قۇرۇلۇپ، ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ھازىر مەركەزدىن تارتىپ يېزا ـ كەنتلەرگىچە بولغان ھەرقايسى ھۆكۈمەتلەر بىزنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ، ئۆزىدە بار بولغانلىكى پايدىلىق شارائىتلار بىلەن تەمىن ئېتىۋاتىدۇ، ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تونۇغان بولساق، ھازىر مەركەز ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قىزغىن غەمخورلۇقى ئاستىدا، بىزنى پۈتۈن دۇنيا ئەللىرى تونۇدى.

ئۆزىنىڭ تۇرپان مۇقاملىرىغا بولغان قىزغىن ئىشتىياقى، كارىز سۇلىرىدەك ساپ مۇھەببىتى بىلەن تۇرپان مۇقاملىرىنىڭ قېزىلىش، توپلاپ رەتلىنىشى ۋە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تولۇقى بىلەن يەتكۈزۈلۈشى ئۈچۈن ئايانماي تۆھپە قوشۇۋاتقان بۇ ئوت يۈرەك ئەزىمەت 2008 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايىتى بويىچە «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» بولۇپ باھالانغان بولۇپ، ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو غەربىي دىيار تەتقىقات تېمىسى — تۇرپان مۇقاملىرى تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، پىچان ناھىيەلىك مۇزىكا، ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ئىلمىي تەشكىلات ۋە لۈكچۈن بازارلىق مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە پونكىتىنىڭ باشلىقى، لۈكچۈن بازارلىق ئىشتىن سىرتقى مۇقامچىلار گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، 8 ـ نۆۋەتلىك لۈكچۈن بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولۇپ كەلمەكتە.

(ئاپتور: لۈكچۈن بازارلىق «كۆك ئاسمان» ماي قاچىلاش پونكىتىدا)

www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ئۈزۈك

ئابدۇقەييۇم مىجىت

## 1. دىباچە

ئۇيغۇر كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، شەكلى هەر خىل ۋە رەڭگارەڭ بولۇپلا قالماي، بەلكى زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنىڭمۇ تۈرى ناھايىتى كۆپ، ياسىلىشى سىپتا، نەپىس ۋە كۆركەمدۇر. ئەجدادلار ئۆزىنىڭ ئېستېتىك تەلىپى ۋە ئېھتىياجىغا مۇناسىپ ھالدا مىتاللاردىن هەر خىل زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى ياساشنى، تاقاشنى ۋە ئۇنىڭدىن ئېستېتىك زوق ئېلىشنى بىلگەن. جۈملىدىن ئۈزۈكمۇ ئۇيغۇرلار ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئەتىۋارلاپ تاقاپ كېلىۋاتقان زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۈزۈك كىشىلەرنىڭ قول بارماقلىرىغا سېلىش ئۈچۈن مىتالدىن ياسالغان ھالقىسمان زىننەت بۇيۇمى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ قويۇق مەدەنىيەت تۈسى ۋە ئالاھىدە سىمۋوللۇق مەنىلەرگە ئىگە. ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن ئۈزۈكلەر شەكلىگە ئاساسەن قۇيما ئۈزۈك، ئارچە بىغى ئۈزۈك، گۈلسىز ۋە گۈللۈك ئۈزۈك قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا ئۈزۈك پەقەت بىر خىل زىبۇزىننەتلىك رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تامغا، ئاچقۇچ ۋە هەر خىل قورال- ئەسۋاب بولۇشتەك روللارنىمۇ ئوينىغان، ھەتتا بەزىلەر ئۈزۈك كۆزىنىڭ ئاستىدا زەھەر ساقلاش ئۈچۈنمۇ ئىشلەتكەن. ئەمما ئومۇملۇق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، كىشىلەر ئۈزۈكنى پەقەت بىر خىل زىبۇزىننەت سۈپىتىدىلا ئىشلەتكەن. خوتەن دىيالېكتىكىسىدا «ھۈزۈك»مۇ دېيىلىدۇ. تۇرپان شىۋىسىدە «بالچۇق» دەپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

«ئۇ يېقىممۇ ئالچۇق،
بۇ يېقىممۇ ئالچۇق،
ئەجەب ئوبدان ياراشتى،
يارىم بەرگەن بالچۇق». بۇ قوشاقنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلاردا ئاشىق-مەشۇق بولۇپ بىر-بىرىگە كۆڭۈل بېرىشكەنلەر ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈك (بالچۇق) ۋە بىلەزۈك سوۋغا قىلىشىدىغان ئادەتلەر بولغان. ياسىلىش شەكلى ۋە ماتېرىيالىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپمۇ ئۈزۈكلەر بىر قانچە تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن، ھېقىق ئۈزۈك، ئالتۇن ئۈزۈك، كۈمۈش ئۈزۈك، تۆمۈر ئۈزۈك، تۇچ ياكى مىس ئۈزۈك (برونزا ئۈزۈكى)، مىشەك ئۈزۈك (بۇ خىل ئۈزۈكلەر قولغا تاقاش ئۈچۈن ياسالماستىن، بەلكى قامچا، نەيزە، پىچاق، قىلىچ قاتارلىق قوراللارنى تېخىمۇ چىڭىتىش ئۈچۈن ياسالىدۇ)، قاشتېشى ئۈزۈك، تولغىما ئۈزۈك، كاۋكاز ئۈزۈكى (قارا رەڭلىك ئۈزۈك)، مەرۋايىت ئۈزۈك، قوش تۇمشۇقى شەكىللىك ئۈزۈك، تەڭگە ئۈزۈك قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا كرىستال، كۆك تاش، ئۈنچە-مەرۋايىت، كۆك ۋە قىزىل ياقۇت، كەھرىۋا... قاتارلىقلاردىنمۇ ئۈزۈك ياسىلىدۇ. خەلقىمىزدىكى ئۈزۈك ۋە بىلەزۈك ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر، يازما ۋە ئاغزاكى يادىكارلىقلاردىكى ئۈزۈك ھەققىدىكى ئۇچۇرلار ۋە ئاجايىپ-غارايىپ سېھرىي كارامەتلەر، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش، تەكشۈرۈشلەردە بايقالغان ئۈزۈك ۋە بىلەزۈكلەر، ئۈزۈككە مۇناسىۋەتلىك پەرھىزلىك چۈشەنچىلەر، جورۇقلار ۋە ئىرىملىك قاراشلار ھەممىدە ئۈزۈكنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرىنى ئوتتۇرا قىلىپ

تۇرۇپ، ئۇيغۇر زىبۇزىنەت مەدەنىيىتى، سەنئىتى، زەرگەرچىلىك تېخنىكىسى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك ئېڭى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى تەتقىق قىلىش، تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىش تامامەن مۇمكىن.

**2. ئۈزۈكنىڭ كېلىپ چىقىشى**

فولكلور تەتقىقاتىدا ئۈزۈكنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت. ئۇيغۇرلارنىڭ «زەرگەرلىك رىسالىسى»دە زەرگەرلىكنىڭ ۋە مېتاللاردىن زىبۇزىنەت بۇيۇملىرىنى ياساپ، قىز-ئاياللارغا سوۋغا قىلىش ئادىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار: «ئاللاتائالا تۇپراقتىن ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقان. ئۇنىڭ سول تەرىپىدىن ھاۋا ئانىنى ياراتقان. لېكىن ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا تازا كۆڭۈللۈك ئۆتەلمەي تۇرغاندا، ئاللادىن جەبرائىلغا ‹ھاۋاغا زىبۇزىنەت بەرگىن. ئادەمنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ئۇنىڭغا كۆڭۈلدىن-كۆڭۈلگە زىيادە بولىدۇ›، دېگەن ئەمر كەلدى. جەبرائىل دەرھال قول ئۇزىتىپ جەننەتتىن بىر ئۇچۇم ئالتۇن ئالدى. ئۇنى ئالقىنى بىلەن ناھايىتى يۇمشاق خېمىر قىلىپ ھاۋا ئانىنىڭ قۇلاقلىرىغا سىرغا (زىرە)، بويۇنلىرىغا گۆلبەندە (زۇننار)، بارماقلىرىغا ئەنگۇشتەر (ئۈزۈك)، بىلەكلىرىگە بىلەزۈك ياساپ بەردى. ھاۋا ئانا ھەددىدىن زىيادە ساھىبجامال بولدى. ئاندىن كېيىن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتى كۆڭۈلدىن-كۆڭۈلگە ئاشتى. ئاياللارغا ئالتۇندىن زىبۇزىنەت قىلىپ بېرىش شۇنىڭدىن باشلانغان»①. بۇ رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا، ئەجدادلىرىمىز ئۈزۈك ۋە بىلەزۈك ياساش ۋە ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ئۈزۈك ۋە بىلەزۈك سوۋغا قىلىش ئادىتى زېمىندا ئىنسان ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن، دەپ قارايدۇ. قەدىمكى مىسىر ھۆكۈمرانلىرى ھوقۇق، ئابرۇي-ئىناۋەتنىڭ بەلگىسى بولغان تامغا-مۆھۈرلىرىنى دائىم يېنىدا ئېلىپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن. ئەمما ئۇلار تامغىنى قولىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈشتىن بىئەپ ھېس قىلىشقان. شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر ئۇنىڭغا بىر ھالقا بېكىتىپ، ئۇنى بارمىقىغا تاقىۋالسا تېخىمۇ ئەپلىك بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەن ۋە شۇنداق قىلغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەر ئەمەلدار، مۆتىۋەرلەرنىڭ قوللىرىدىكى بۇ كىچىك «تامغا»لارنىڭ چىرايلىقلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىمۇ شۇنداق «تامغا»لارنى ياساپ تاقىۋېلىشقان. شۇنىڭ بىلەن ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىنىش، يېڭىلىنىش ئارقىلىق ئۈزۈك كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇمىغا ئايلانغان. ئۈزۈكنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى قاراشلارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۈزۈك ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئەڭ كەڭ تارقالغان زىبۇزىنەت بۇيۇملىرىنىڭ بىرىدۇر.

**3. يازما يادىكارلىقلاردىكى ئۈزۈك ھەققىدىكى ئۇچۇرلار**

خەلقىمىزنىڭ ئۈزۈكنى زادى قايسى ۋاقىتتىن باشلاپ ئىشلىتىشكە باشلىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمىسەكمۇ، ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان يازما يادىكارلىقلىرىمىز خەلقىمىزنىڭ ئۈزۈكنى بىر خىل زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىش تارىخىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇزاق ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «دىۋان» دەپلا ئاتىلىدۇ)تە ئۈزۈك، ئۈزۈكنىڭ ياسىلىشى، ماتېرىيالى، ئىشلىتىلىشى ۋە تاقاش ئۇسۇلى ھەققىدە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان. «دىۋان»دا: «يۈزۈك — ئۈزۈك. بارماققا سېلىنىدىغان ئۈزۈك» (3-22) دەپ چۈشەندۈرگەندىن سىرت يەنە «قاش» سۆزىنى چۈشەندۈرۈپ، «قاش — قاشتاش. بۇ بىر خىل سۈزۈك تاش بولۇپ، ئاق ۋە قارا رەڭلەردە كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ ئېقىنى گۈلدۈرمامىدىن، ئۇسسۇزلۇقتىن ۋە چاقماق چۈشۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۈزۈككە كۆز قىلىنىدۇ...» (3-208)؛ «ياشىن — چاقماق. تۈركلەردە كىمنىڭ يېنىدا قاشتېشى بولسا، ئۇنىڭغا چاقماق تەگمەيدۇ، دېگەن بىر ھېكمەتلىك سۆز بار. قاشتېشى ئاق، سۈزۈك بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ئۈزۈك قىلىپ سالىدۇ. بۇ ئۈزۈكنى سېلىۋالغان كىشىگە چاقماق تەگمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ تەبىئىتى شۇنداق، بۇ تاشنى بوزغا ئوراپ ئوتقا تاشلىغاندا، بوزمۇ، تاشمۇ كۆيمەيدۇ، بۇ سىنالغان. ئۇسسىغان ئادەم بۇنى ئاغزىغا سالسا، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ» (3-26) دېيىلگەن. بۇ بايانلاردىن مەلۇمكى، بۇنىڭدىن مىڭ يىللار بۇرۇنلا ئەجدادلىرىمىز قاشتېشىنىڭ گۈلدۈرمامىدىن، ئۇسسۇزلۇقتىن ۋە چاقماق چۈشۈشتىن ساقلاش رولى بارلىقىنى تونۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يەتكەن ھەم قاشتېشنى دائىم يېنىدا ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن ئۈزۈككە كۆز قىلىپ ئىشلەتكەن. ئەينى دەۋرلەردە قاشتېشى كۆزلۈك ئۈزۈكلەرنىڭ ئىستېتىك قىممىتىدىن كۆرە ئۇلارنىڭ ئادەمنى مۇھاپىزەت قىلىش قىممىتى بەكرەك مۇھىم بولغان. دىيارىمىزدەك قۇرغاق رايوندا كىشىلەرنىڭ چۆل-جەزىرىلەردە ئۇسسۇزلۇقتا قېلىشى، ئېغىر ھالەتتىكى قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش ياكى قاتتىق تەرلەش ۋە قاناش قاتارلىق سۇسىزلىنىپ كېتىشتەك فىزىئولوگىيەلىك تەڭپۇڭسىزلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا قاشتېشى كۆزلۈك ئۈزۈكلەر مۇھىم رول ئوينىغان.

«دىۋان»دا يەنە: «چىچامۇق — چىچامۇق. ئاتسىز بارماق، ئۈزۈك سالىدىغان بارماق. بۇنى بىلىدىغان ئادەملەر ئاز» (1-634) دېيىلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن شۇ دەۋرلەردە كىشىلەر ئۈزۈكنى زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە قولغا سېلىشنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۈزۈكنى نامسىز بارماققا سېلىشنى بىلمەيدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. «دىۋان»دا: «ئۈزۈك — خوتۇنلارغا بېرىلگەن لەقەم. ساپ ئالتۇندەك ئاق كۆڭۈل خوتۇن ‹ئالتۇن ئۈزۈك› دېيىلىدۇ. بەدىنى مەرۋايىتتەك پاكىز بولغان خوتۇن ‹ئەرتىنى ئۈزۈك› دەپ ئاتىلىدۇ... بۇ لەقەم چىگىل خوتۇنلىرى ئۈچۈن قويۇلغان. بۇ سۆز ئەسلىدە ‹ئۆزى› دېگەن مەنىدىكى ‹ئۆز› سۆزىدىن ئېلىنغان. سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ‹ك› ھەرپى شۇ نەرسىنىڭ ئۆزىگىلا ئىگەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە خىزمەت قىلىدۇ...» (1-97) دېيىلگەن. تۈركىي تىللار ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى لەھجىلىرىدە ئوخشاش ئىشلىتىلىۋاتقان «ئۈزۈك» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى شۇ بولسا كېرەك. بۇ يەردە ئۈزۈك يەنە ئاياللارغا سىمۋول قىلىنغان. «دىۋان»دا يەنە مۇنداق بىر شېئىرىي پارچىمۇ بېرىلگەن:

«چەش — چەش». شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

ياراتتى ياشىل چەش
ساۋۇردى ئۈرۈڭ قاش
تىزىلدى قارا قۇش
تۈن كۈن ئۈزە يۈرگەنۈر

[يېشىل چەش (ئاسمان) ياراتتى،
(ئۇنىڭغا) ئاق قاشتېشىنى چاچتى،
قارا قۇش (مىزان يۇلتۇزى) تىزىلدى،
تۈن كۈنگە يۈگىلىدۇ.]

ئاسماننى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: تەڭرى ئاسماننى چەش رەڭگىدە ياراتتى. ئۇنى ئۈزۈككە كۆز قىلىنىدىغان ئۈرۈڭ قاش (تاش)تەك يۇلتۇزلار بىلەن بېزىدى،...» (1-431، 432-بەتلەر) بۇ شېئىرىي پارچىدا قاشتېشىنىڭ ئۈزۈككە كۆز قىلىنىدىغانلىقى تېخىمۇ كۈچلۈك جەزملەشتۈرۈلگەن. «دىۋان»دىكى ئۈزۈك ۋە بىلەزۈك ھەققىدىكى بۇ خاتىرىلەردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن 10~15 ئەسىرلەر بۇرۇنلا ئۈزۈك ۋە بىلەزۈكلەرنى بىر خىل زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلەتكەنلىكى ھەم قاشتېشنى ئۈزۈكنىڭ كۆزى قىلغانلىقى ئايان بولىدۇ.

تەكىتلەشكە تېگىشلىك ئالاھىدە بىر نۇقتا شۇكى، بىلەزۈكمۇ ئۈزۈكنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، «بىلەك ئۈزۈك» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن. تىل تەرەققىياتى جەريانىدا «بىلەك» سۆزىدىكى «ك» ھەرپى، «ئۈزۈك» سۆزىدىكى «ئۈ» ھەرپى چۈشۈپ قالغان. ئادەتتە بىلەزۈك ئۇ قولنىڭ بېغىشىغا تاقىلىدۇ، ئادەتتە ئالتۇن، كۆمۈش ۋە قاشتېشى قاتارلىق ماتېرىياللاردىن ياسىلىدۇ. بىلەزۈكنىڭمۇ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ئادەتتە تولغىما بىلەزۈك، سىدام بىلەزۈك، زەنجىر بىلەزۈك، گۈللۈك بىلەزۈك... قاتارلىقلار كۆپ ياسىلىدۇ ۋە تاقىلىدۇ. «دىۋان»دا: «بىلەزۈكلەندى — ئىشلەر بىلەزۈكلەندى — خوتۇن بىلەزۈك سالدى (بىلەزۈكلەنۈر - بىلەزۈكلەنمەك)» (3-283)؛ «قاۋۇردى — قورۇدى، قىستى. بىلەزۈك قولنى ئەلىكىن قاۋۇردى - بىلەزۈك كۆڭنىڭ (چورىنىڭ) قولىنى قىستى. ھەر قانداق نەرسە بىرەر نەرسىنى قورۇسا ياكى قىسسا شۇنداق دېيىلىدۇ (قاۋۇرار — قاۋۇرماق)» (2-109)؛ «قاۋۇرغان — قورۇيدىغان. بۇ بىلەزۈك ئول بىلەك قاۋۇرغان — بۇ بىلەكنى قورۇيدىغان بىلەزۈك» (1-672) دېيىلگەن. «بىلەزۈك كۆڭنىڭ (چورىنىڭ) قولىنى قىستى» دېگىنىگە قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتلاردا بىلەزۈك دېدەك، چاكار، چۆرىلەرمۇ تاقىيالايدىغان دەرىجىدە كەڭ ئومۇملاشقان بىر زىننەت بۇيۇمى بولغان.

### 4. دىن ۋە ئۈزۈك

ئۇيغۇرلار تارىختا ئېتىقاد قىلغان دىنلار ئۇلارنىڭ زىبۇزىننەت مەدەنىيىتىگە مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن. ئىسلام دىنىدا ئەرلەرنىڭ ئالتۇن ۋە يىپەك

بۇيۇملارنى ئىشلىتىشى چەكلەنگەن بولۇپ، ئادەتتە مۇسۇلمان ئەرلەر قولىغا ئالتۇن ئۈزۈك سالمايدۇ. «مۇھەممەد پەيغەمبەر (مۇھەممەد ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر) دەپ خەت يېزىلغان بىر كۈمۈش ئۈزۈكنى ياساتقان ھەمدە ئۈزۈكنىڭ خەت ئويۇلغان تەرىپىنى ئالقىنى تەرەپكە قىلىپ سالغان. كېيىن ئۇ ساھابىلەرنىڭ ئۆزىنى دوراپ ئۈزۈك ياسىتىپ سېلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئالتۇن ئۈزۈك سېلىشنى چەكلىگەن ۋە ئۆزى ياساتقان ئۈزۈكنى جامائەتنىڭ ئالدىدا ئېلىپ تاشلىۋەتكەن» ②. ئۇيغۇرلاردا تويلۇق ئۈچۈن ئالتۇن ئۈزۈك ئالدۇ ھەمدە ئاياللار ئۇنى «تويلۇق ئۈزۈكۈم» دەپ ئەتىۋارلاپ تاقايدۇ ۋە ساقلايدۇ. تويلۇقنىڭ ئالتۇن بۇيۇملارغا مەركەزلىشىشى ئالتۇننىڭ باشقا نەرسىلەرگە قارىغاندا، ھەر زامان، ھەر ماكاندا قىممىتى يوقىمايدىغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. ئالتۇن ئۈزۈك ۋە باشقا زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى پەقەت تويلۇق مېلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاياللارنىڭ قىزلىرىغا قالدۇرىدىغان قىممەتلىك مىراسىدۇر.

ئىسلام دىنىدا ئاياللارنىڭ تويلۇق مېلى ئۈچۈن ئۈزۈك سوۋغا قىلىشقا يول قويۇلغانلىقى، ھەتتا دەۋەت قىلىنغانلىقى مەلۇم. «سەھل ئىبنى سەئىدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ بىر ساھابىسىنى ئالماقچى بولغان قىزغا تويلۇق ئۈچۈن بىر تال تۆمۈر ئۈزۈك بولسىمۇ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ» ③. ئىسلام دىنىدىكى بۇ تەرەپلەرمۇ ئۇيغۇرلاردا ئۈزۈكنىڭ ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللاردا بەكرەك ئومۇملىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

**5. ئۈزۈكنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈشلەردە بايقىلىشى**

ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش، تەكشۈرۈشلەردە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە ئۈزۈك ۋە بىلەزۈكلەرنىڭ كۆپلەپ تېپىلىشىدىن قارىغاندا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ مېتال بۇيۇملار قول ھۈنەرۋەنچىلىك تارىخىنىڭ ئۇزاق، تەرەققىيات سەۋىيەسىنىڭ خېلى يۇقىرى ئېكەنلىكى مەلۇمدۇر. قەدىمكى قەبرىلەرنى قازغاندا، ئۈزۈك ۋە بىلەزۈكلەر ئاياللارنىڭ قەبرىلىرىدىن كۆپرەك چىققان. «ئۈزۈك ئۆششاق بارماقلارغا سېلىنىدىغان زىبۇزىننەت بولۇپ، كۆزلۈك ۋە كۆزسىز ئىككى خىل بولىدۇ. لوپنۇر رايونىدىن تېپىلغان ئۈزۈكلەر: قىزىل ياقۇت قويۇلغان تۈچ ئۈزۈك؛ بىر تال تۈچنى ئېگىپ ياسىغان تۈچ ئۈزۈك؛ ئۈستىگە بىر يۇملاق تاش قويۇلغان برونزا ئۈزۈك، كۈمۈش ئۈزۈك (ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك ئويمان بولۇپ، ئۇنىڭغا تاش سېلىناتتى)؛ ئالتە قىرلىق كۈمۈش ئۈزۈك، مۆھۈر ئۈزۈك... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت» ④. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردە يەنە ئۈزۈكتىن باشقا بىلەزۈكلەرمۇ كۆپلەپ تېپىلغان. «بىلەزۈك قولنىڭ بېغىشىغا سېلىنىدىغان زىبۇزىننەت بولۇپ، لوپنۇر رايونىدىن تېپىلغانلىرى: بالىلارنىڭ برونزا بىلەزۈكى، يىپقا مارجان ئۆتكۈزۈپ ياسالغان بىلەزۈك، ياپىلاق ئىككى ئۇچى بىر قىسىم قوپال سىزىقچىلار بىلەن بېزەلگەن بىلە-



www.uyghurkitap.com



زۇك. تۆج بىلەزۈك (بىلەزۈكنىڭ ئۈچى يايپاك ھەم ئوخشاش بىر مەركەزدە تۇتۇشىدىغان ئۈچ قۇر ئۆتۈشمە سىزىق بىلەن بېزەلگەن) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت»⑤. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردە ئۈزۈك ۋە بىلەزۈكلەر شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلغان. قومۇلدىكى يانبۇلاق مەدەنىيىتى، قاراشەھەردىكى چابخا جىلغىسى، قەشقەر، خوتەن، تۇرپان، ئاقسۇ، كۇچا، ئۈرۈمچى، ئالتاي، غۇلجا، گۆچۈڭ قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمىي خارابىلىكلەردىن ھەر خىل مېتال ئۈزۈك ۋە بىلەزۈكلەر بايقالغان.

### 6. ئۈزۈكنىڭ تارقىلىشى

ئۈزۈك دۇنيادىكى مەيلى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەردە بولسۇن ياكى «مەدەنىيەتسىز، بەدەۋى» دەپ قارالغان مىللەتلەردە بولسۇن ناھايىتى كەڭ تارقالغان، كەڭ ئومۇملاشقان بىر زىننەت بۇيۇمىدۇر. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پايتەخت چاڭئەندە ئۇيغۇر ئاياللىرىدەك كىيىنىش، ياسىنىش مودا بولغان بولۇپ، خەنزۇلار ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى باشقا مىللەتلەر چۆللۈكنىڭ شىمالى (بۈگۈنكى كۈندىكى موڭغۇل داللىرى) دا ياشايدىغان خۇ (ئۇيغۇرلارنىڭ غول ئېتنىك مەنبەسى بولغان ئوغۇز)لاردىن قولغا ئۈزۈك سېلىش ئادىتىنى قوبۇل قىلغان. «ئۈزۈك سېلىش ئادىتى كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئەل ـ خەلقلەردىن ياپونلار ۋە شەرقىي ئاسىيادىكى مىللەتلەرگە تارقالغان»⑥. ئۈزۈكنىڭ ئەسلىي پەيدا بولغان جايى ۋە ئۇنىڭ باشقا مىللەتلەرگە تارقىلىش يوللىرى ۋە يۆنىلىشىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

### 7. ئۈزۈككە مۇناسىۋەتلىك پەرھىز، جورۇقلار ۋە ئىرىملىك قاراشلار

ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرى زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى، بولۇپمۇ ئۈزۈك، بىلەزۈك (بىلەك ئۈزۈك)، ھالقا، مارجان، زەنجىر قاتارلىق زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاشنى ياقتۇرىدۇ ھەمدە ئالتۇننى «ئېرىغ مال»، «باشقا كۈن چۈشۈپ قالغاندا، پۇل قىلىپ ئىشلەتكىلىمۇ بولىدۇ، جانغا ئەسقاتىدۇ»، دەپ قاراپ، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئالتۇندىن بولۇشىنى خالايدۇ. ئۇيغۇرلاردا زەرگەرچىلىكنى پۈتۈنلەي ئەرلەر قىلىدۇ. بارلىق زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى ئەرلەر ياسايدۇ، ئاياللار سالىدۇ.

خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن «چۈش تەبىرى» ناملىق كىتابچىنىڭ 28 ـ بېتىدە ئادەم «ئۈزۈك كۆرۈپ چۈش كۆرسە بالىسىنىڭ بىر ئەزاسى كەم بولۇر»، دېيىلگەن. چۈشكە باغلىق بۇ تەبىر بەلكىم ئۈزۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆشۈكنىڭ تۇغۇلىدىغان بالىنىڭ مەلۇم بىر ئەزاسىنىڭ كەم بولۇپ قېلىشىغا جورىلىشىدىن ئىبارەت خۇراپىي قاراش بولسا كېرەك. خەلقىمىزدە يەنە «ئۈزۈك چۈشەپ قېلىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت مەۋجۇت. خەلق ئارىسىدا ئېغىرئاياغ ئايال چۈشىدە ئۈزۈك كۆرۈپ قالسا قىز تۇغىدىغانلىقنىڭ بېشارىتى، دەپ قارىلىدۇ»⑦. بۇنداق پەرھىزلىك قاراشلار ئۈزۈكنىڭ بىر تۈرى بولغان بىلەزۈك ھەققىدىمۇ بار بولۇپ، «چۈش تەبىرى» ناملىق كىتابنىڭ 11 ـ بېتىدە: «بىلەزۈكنى كۆرۈپ چۈش كۆرسە نىكاھى مۇستەھكەم بولۇر»، دېيىلگەن. گەرچە بىلەزۈكنىڭ ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى ئۈزۈكنىڭكىدىن سەل پەرقلەنسىمۇ، ئۇنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرى ئۈزۈكنىڭكى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشى ۋە نىكاھ مۇناسىۋەتلىرىدە ئايالنىڭ تۇغماسلىقى ئەر ـ ئايالنىڭ ئەر ـ خوتۇنچىلىق مۇناسىۋىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىدىغان بولغاچقا، تۇغمىغان ئاياللارنىڭ پەرزەنت تىلەش ئادىتى بولغان. قىسمەن جايلاردا ئۇلۇغ مازاركارنى زىيارەت قىلىپ بۇلاقتا ئۈزۈك تاشلاش ئارقىلىق ھامىلە تىلەش ئادىتى بار. مەسىلەن، خوتەندە «ئاياللار گۇما ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان باشلەڭگەر يېزىسىنىڭ يۇلچۇلۇك دېگەن يېرىدىكى سۇلتانى ئۇۋەيس مازىرىنى تاۋاپ قىلىپ، بۇ مازاردىكى چوڭ سۆگەتنىڭ غولىدىكى تۆشۈكتىن ئېقىپ چىققان ئاق رەڭلىك سۇيۇقلۇقتىن ھاسىل بولغان بۇلاققا ئۈزۈك تاشلاپ ھامىلدارلىقنى تىلەش ئادىتى بولغان» ⑧. ئۇيغۇرلاردا بالا تۇغۇلۇپ كىندىكى كېسىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تېنىنىڭ ساغلام، چىداملىق چوڭ بولۇشى ئۈچۈن تۇزلانغان ئىلمان سۇدا پاكىز يۇيۇلۇپ، ئۇيىلىنىدۇ. بالىنى يۇيۇش ئۈچۈن تەييارلانغان ئىلمان سۇغا ئالتۇن ئۈزۈك ۋە ئالتۇن ياپرىقى تاشلاپ قويۇلىدۇ. بۇنداق قىلىشتا ئالتۇننىڭ بەدەنگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، يۈرەك ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، زېھنىنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈشتەك شىپالىق رولى بولغانلىقى

كۆزدە تۇتۇلغان. خەلق ئىچىدە ئالتۇن ئۈزۈكنى، بولۇپمۇ چەش كۆزلۈك ئۈزۈكنى كۆزگە سۈرسە كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، دەيدىغان قاراشمۇ بار.

8. ئۈزۈكنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى

ئۈزۈكنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرىنى غەرب مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مۇھىتىدىن تەڭ ئىزدەپ كۆرگەندىلا ئۇنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرى تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ. شۇڭا، گەپنى ئالدى بىلەن ئۈزۈكنىڭ غەرب مەدەنىيىتى مۇھىتى ۋە غەربلىكلەر نەزەرىدىكى سىمۋوللۇق مەنىلىرىدىن باشلايمىز. ئۈزۈك قەدىمكى گرېك ئەپسانىلىرىدە بىر خىل سېھىرلىك كۈچكە ئىگە نەرسە، تۇمار ۋە پادىشاھلىق ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. قەدىمكى رىم دەۋرىدە كىشىلەر ئۈزۈكنى ناھايىتى كەڭ ئىشلەتكەن بولۇپ، ئادەتتىكى ئەسكەرلەر ئۈزۈكنى بىر خىل «جاسارەت بەلگىسى» سۈپىتىدە تاقايتتى. ئۈزۈك يەنە خىرىستىيان دىنىي مەدەنىيىتى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ مۇقەددەس ئاتا، مۇقەددەس بالا ۋە مۇقەددەس روھ — «ئۈچىنىڭ بىر گەۋدە» ئىكەنلىكىنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. ئۈزۈك يەنە مۇرىتلار بىلەن ھور ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدىنامىنىڭ بەلگىسى بولغان. شۇڭلاشقا خىرىستىيان مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە توي مۇراسىملىرىدا ئۈزۈك سوۋغا قىلىش ئادىتى شەكىللەنگەن. ئۈزۈكنىڭ بېغى چەمبەرسىمان، يۇملاق ھالەتتە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ باشلىنىش، ئوتتۇرا ياكى ئاخىرلىشىش نۇقتىسى يوق، ئۇ مەڭگۈلۈك مەۋجۇدىيەتنى ئىپادىلەيدۇ. مەڭگۈلۈك نەرسىلەر، بولۇپمۇ سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇشى كىشىلەرنى چىن مەنىسى بىلەن خۇشال قىلالايدۇ. بۇ يەردە ئۈزۈك مەڭگۈلۈكنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تويلۇق ئۈزۈكنىڭ يۇملاق شەكلى مەڭگۈلۈك (ئىپتىداسىز ۋە ئىنتىھاسىز) مۇھەببەتنى ئىپادىلەيدۇ. ئۈزۈكنىڭ ئۈستىگە ئويۇلغان كۆپ قەۋەتلىك ھالقىلار مەڭگۈ ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان مۇستەھكەم مۇھەببەتنى نامايان قىلىدۇ. يۈرەك ئادەمنىڭ كۆكسىنىڭ سول تەرىپىدە بولغانلىقى ۋە سول بارمىقىنىڭ تومۇرلىرىنىڭ يۈرەككە تۇتاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۈزۈكنى كىشىلەر كۆپىنچە سول قولىغا سالىدۇ. ئۈزۈكنى سول قولىنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىغا سالسا، شۇ قىزنىڭ يالغۇز ۋە يۈرگىنى يوق ئىكەنلىكىنى، نامسىز بارمىقىغا سالسا ئۇنىڭ سىناشقا، يۈرۈۋاتقان ئادىمى، يەنى مۇھەببىتى بارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۈزۈكنى كىشىلەرنىڭ سول قولىنىڭ بارماقلىرىغا سېلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى «ئادەمنىڭ سول قول بارماقلىرىنىڭ تومۇرى يۈرەككە تۇتاشقان» دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈرەك — مۇھەببەتنىڭ مەنبەسى، سىمۋولى بولغاچقا، تويدىن ئىبارەت ئىككى ئىنساننىڭ بىر-بىرىگە ئەبەدىي قوشۇلىدىغان مۇقەددەس كۈنىدە مەڭگۈلۈككە سىمۋول قىلىنغان ئۈزۈكنى يۈرەككە تۇتاشقان بارماققا سېلىش — قىز-يىگىتنىڭ يۈرەك ۋە نىيەتلىرىنىڭ مەڭگۈ تۇتىشىپ كېتىشىگە بولغان ئارزۇ-ئۈمىدىنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈزۈكنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرى ۋە ئۇنى قايسى قولغا ۋە قايسى بارماققا سېلىش ھەققىدىكى قاراشلىرىمۇ يۇقىرىدىكىدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئۇيغۇرلاردا ھەر كىم، ھەر نەرسە ئۆز دائىرىسىدە ئىسمى-جىسمىغا لايىق ئورۇندا تۇرغان، بىر-بىرىگە ماس كەلگەن بولسا، «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» ياراشقاندەك يارىشىپتۇ، دەيدىغان ئوخشىتىش بار بولۇپ، بۇ ماقال ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈزۈكنى ئالتۇندىن، ئۇنىڭ كۆزىنى ياقۇتتىن قىلىشنى ياقتۇرىدىغان ئېستېتىك ئېڭىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە ئۈزۈكنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرىدۇ. مەيلى شەرق ئەدەبىياتىدا بولسۇن، مەيلى غەرب ئەدەبىياتىدا بولسۇن ئۈزۈك ئىزچىل ھالدا بىر خىل خاسىيەتلىك، سىرلىق، سېھرىي بۇيۇم سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سېھرىلىك چۆچەكلىرىدە دائىم ئىگىسى تەلەپ قىلغان نەرسىنى پەيدا قىلىپ بېرەلەيدىغان سېھرىلىك، خاسىيەتلىك ئۈزۈك تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، رىۋايەتلەردە سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئۈزۈكى ناھايىتى خاسىيەتلىك ئۈزۈك بولۇپ، ئۇنىڭغا «بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ!» دېگەن خەت ئويۇلغانمىش. سۇلايمان پەيغەمبەر بىرەر قىيىن ئىشقا دۇچ كەلسە شۇ ئۈزۈككە قاراپ ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ تۇرار ئىكەن. بىر رىۋايەتتە بىر دىۋە سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەرى بولغان ئۈزۈكنى ئېلىۋالسا ئۇنىڭ كارامىتى (پەيغەمبەرلىك خاسىيىتى) يوقاپ كېتىدۇ، چۈنكى، ئۇ ئۈزۈككە سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ بارلىق سېھرىي كارامەتلى-

www.uyghurkitap.com



رى مۇجەسسەملەنگەن، دەپ تەسۋىرلەنگەن. قەدىمدە، بولۇپمۇ قۇللۇق جەمئىيەتتە ئۈزۈك تاقاش ئادىتى پەقەت ئېسىلزادىلەر ۋە يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىدىلا مەۋجۇت بىر ئادەت ئىدى. فېئوداللىق جەمئىيەتتە قىز-يىگىتلەرنىڭ ئەركىن مۇھەببەتلىشىشىگە يول قويۇلمايدىغان بولغاچقا، يىگىتلەرنىڭ قىزلارغا ئۈزۈك سوۋغات قىلىشى ناھايىتى تەس بولغان. ئۇيغۇر خەلقىدە ئۈزۈك ھەققىدە «ئادەمنىڭ ھۆرمىتى ئۆزىدە، ئۈزۈكنىڭ قىممىتى كۆزىدە»، «بارمىقى يوققا ئۈزۈك سوۋغا قىلما»، «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز»، «ئۈزۈككە كۆز كېرەك، قىزغا سۆز كېرەك»... قاتارلىق ماقال-تەمسىللەر بار. تاتار زىيالىيسى نۇشىرۋان يائۇشېف «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت» ناملىق ساياھەتنامىسىدە قەشقەر قىز-ئاياللىرىنىڭ زىبۇزىنەتلىرى ھەققىدە: «ئېسىل تاشلار، چەچلەردىن بەك نەپىس، چىرايلىق تۈرلۈك ئۈزۈك، بىلەزۈك، ھالقا، تۈگمە دېگەندەك نەرسىلەرنى ئىشلەيدۇ. مۇنداق تاشلاردىن ياسالغان بىلەزۈكنىڭ بىرى 100 سومغىچە سېتىلىدۇ»⑨، دەيدۇ. مەيلى يەر ئاستىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار بولسۇن، مەيلى ئۇيغۇر ياكى باشقا مىللەتتىن بولغان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ خاتىرىلىرى ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە بولسۇن، ئۈزۈك ۋە بىلەزۈكنىڭ ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئۈزۈلمەي تاقىلىپ كېلىنگەن زىبۇزىنەت بۇيۇملىرى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى بايانلار ۋە دەلىل-پاكىتلار ناھايىتى كۆپتۇر.

## 9. خۇلاسە

قىسقىسى، ئۈزۈك ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمي ۋە ئەڭ تېپىك بولغان زىبۇزىننەت بۇيۇمى بولۇپ، ئۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىكتىن زوقلىنىش ۋە گۈزەللىككە تەقلىد قىلىشتەك ئېستېتىك تۇيغۇلىرىنىڭ مەھسۇلى. ئۇيغۇرلار باشقا خەلقلەردىن ئۈزۈككە مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە باشقا مىللەت ۋە خەلقلەرگە ئۈزۈكتىن ئىبارەت بۇ زىبۇزىننەت بۇيۇمنى تارقىتىشتا مۇھىم ۋە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت قوبۇل قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش ۋە تارقىتىشقا ماھىر بىر خەلق ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىمىزغا ئەجدادلىرىمىزنىڭ جاپالىق ئەجىر-مېھنىتى، قان-تەرى، ئېستېتىك تۇيغۇسى، سەنئەت ماھارىتى سىڭگەن. شۇڭا، ئۇلارنى سىمۋوللۇق مەنىلىرى بىلەن قوشۇپ چۈشىنىشىمىز، سىمۋوللۇق مەنىلىرىنى چۈشىنىپ، بىلىپ تۇرۇپ ئىشلىتىشىمىز، ئۇنى ئەقلىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ تەتقىق قىلىشىمىز — ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەمگىكىنى ھۆرمەتلىگەنلىك، مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزغا بولغان ئاڭلىق، ئەقلىي ھەقدارلىق تۇيغۇسى بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقتۇر.

ئەسكەرتىش: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىن ئېلىنغان نەقىللەر سەل كۆپ بولغىنى ئۈچۈن نەقىللەرنىڭ توم ۋە بەت سانى ئۇنىڭ كەينىگىلا بېرىلدى ھەممە نەقىللەر «دىۋان»نىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1981-يىل 8-ئاي بىرىنچى نەشرىدىن ئېلىندى.

ئىزاھاتلار:

① نەسرۇللا مەخسۇم لۈكچۈنى قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان: «ئۇيغۇر ھۈنەر-كەسىپ رىسالىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989-يىل 8-ئاي نەشرى، 284-، 285-بەتلەر.

② [مىسىر] مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى: «ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە-مارجانلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىل 12-ئاي 1-نەشرى، 508-، 509-بەتلەر.

③ [مىسىر] مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى: «ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە-مارجانلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىل 12-ئاي 1-نەشرى، 342-، 343-بەتلەر.

④، ⑤ مۇھەممەتجان سادىق: «ئۇيغۇرلارنىڭ پەرداز ۋە زىبۇزىننەت مەدەنىيىتى»، «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» (4)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2009-يىل 9-ئاي 1-نەشرى، 277-بەت.

⑥ [ياپونىيە] ياكاموتو كيوشىكى (چيەن خاڭ تەرجىمىسى): «ئۈزۈكنىڭ مەدەنىيەت تارىخى» (خەنزۇچە)، شاڭخەي كىتابخانا نەشرىياتى، 2004-يىل 6-ئاي 1-نەشرى، 1-بەت.

⑦ ئەنۋەر سەمەد قورغان: «پەرھىز ۋە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى»، (خەنزۇچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004-يىل 12-ئاي 1-نەشرى، 223-بەت.

⑧ نۇرمۇھەممەد ئىسمائىل: «ئۇيغۇر ئائىلىرىنىڭ ھامىلە ۋە بوۋاق تەربىيەلەشتىكى ئادەتلىرى توغرىسىدا»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2006-يىل 2-سان، 89-بەت.

⑨ نۇشىرۋان يائۇشېف (ئابلىز ئورخۇن نەشرگە تەييارلىغان): «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت»، ئادىل مۇھەممەد تۇرگەن: «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى قەشقەر» (بىرىنچى قىسىم)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2009-يىل 5-ئاي 1-نەشرى، 83-بەت.

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا)



# كورلا دىيارىدىكى مازار مەدەنىيىتى

ئابدۇمىجىت ھەسەن قۇربانى

مازار ۋە مازار خارابىلىرى — ئۇيغۇرلارنىڭ مازار مەدەنىيىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ، بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغان دىنىي، مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ تارىختىكى روشەن ئىزنالىرىدۇر.

بۇ ئىزنالار مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، نوقۇل دىنىي ئۆرپ-ئادەتنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئۆرنىكى بولۇپلا قالماستىن بەلكى، ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ قاتلاملىق مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ دىن، ئۆرپ-ئادەت، ئەدەبىيات-سەنئەت، ئىجتىمائىي تۈزۈم، پەلسەپە قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. قەدىمكى مازار خارابىلىرىدىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار، قېزىۋېلىنغان جەسەتلەرنىڭ ئىرقى، دەپنە قىلىش شەكلى، ھەمدەپنە بۇيۇملىرى ۋە قەبرىلەرنىڭ ياسىلىش ئالاھىدىلىكلىرى — ئومۇمەن بىر پۈتۈن تارىخىي سىستېمىسىنى تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ، ئۇلار بىزنى قىممەتلىك تارىخىي ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى، تۇرمۇش ئۇسۇلى جەھەتلەردە بىزنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. شۇڭا مازار مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئەمەلىيەتتە، ئۆز يىلتىزىمىز ئۈستىدە ئىزدەنگەنلىكىمىزدۇر.

كورلىدىكى مازارلارنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزاق. 1928-يىل 8-ئاينىڭ 2-كۈنى ئارخېئولوگ خۋاڭ ۋېنبى چەرچەندىكى مازار خارابىلىرىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ مازار خارابىلىرىنىڭ بىنا بولۇش تارىخى — مىلادىنىڭ بېشىغا توغرا كېلىدۇ دەپ بېكىتكەن. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، مازارلار تارىخى كورلىغا ئىسلام دىنىنىڭ كىرىش تارىخىدىنمۇ ئۇزۇن.

مازار — قوش مەنىلىك سۆز بولۇپ، ئەرەبچە «يوقلاش»، «تاۋاپ قىلىش» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرگەندىن باشقا، ئۇلۇغ كىشىلەر ۋە مەشھۇر زاتلارنىڭ قەبرىسىنى كۆرسەتكەندىن سىرت، ئامموۋى قەبرىستانلىق — زاراتگاھلىقنى كۆرسىتىدۇ. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999-يىل نەشرى 796-بەت)دە: «قەبرىستانلىق — قەبرە كۆپ جاي، مازار، گۆرىستان» دەپ ئىزاھات بەرگەن. ئادەتتە خەلق ئىچىدە ھەممىنى ئومۇملاشتۇرۇپ مازار دەپ ئاتاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئادەتكە ئايلانغان. قەدىمدىن ھازىرغىچە كورلا دىيارىدا مەشھۇر بولغان مازارلاردىن «كۆنچى مازىرىم»، «چاچى مازىرىم»، «لەڭگەر مازىرىم»، «ئاۋات شاھ قەلەندەر مازىرىم»، «چەرچى تاغ مازىرىم»، «قىلىچ تەگبىر ئاتام مازىرى»، «ئاقتاش گۈمبەز مازىرىم»، «يېشىل تۇغلۇق ياچى ئاتام مازىرىم»، «باشئەگىم قالغا مازىرىم»، «چىلانباغ چويۇن مازىرىم»، «كورلا يېغىن زاراتلىقى»، «چەرچى قەدىمكى زاراتلىقى»، «كورلا شاڭخۇ قەدىمكى زاراتلىقى» قاتارلىق مازار ۋە مازار خارابىلىرى بار بولۇپ، خەلقىمىز ئۆتمۈشتىن ھازىرغىچە بۇ مازارلارنى ئۇلۇغلاپ كەلمەكتە.

مازارنى ئۇلۇغلاش، مازارغا تېۋىنىش، مازارنى يوقلاش ــ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلدى. قەدىمكى زاماندىن ھازىرغىچە ئاۋام خەلق مازارلارنى ئۆزلىرىنىڭ روھىنى پاكلايدىغان، تۇرمۇشتىكى دەرد-ئەلەملىرىنى تۆكۈپ دەردىنى ئېيتىدىغان، تۇرمۇشتا يولۇققان مۇشكۈلاتلىرىغا تەسەللى تاپىدىغان، ئۆتكۈزگەن گۇناھ-كەبىرلىرىنى كەچۈرۈشنى تەلەپ قىلىدىغان، مازارغا بېرىپ ھەرخىل كېسەللىرى ئۈچۈن شىپالىق تىلەشنى ئۈمىد قىلىدىغان، ساياھەت ۋە ئىبادەتنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈل يېرىمچىللىقىنى ئازايتىپ، مازارلارنى ئۆزلىرىنىڭ روھىي ئازادىلىككە ئېرىشىدىغان مۇھىم سورۇنى قىلىپ كەلدى. مەسىلەن، ئازادلىقتىن بۇرۇن كورلا دىيارىدىكى مازارلاردىن چاچى مازىرىمدىكى پائالىيەتلەرنى مىسالغا ئالساق، بۇ يەردىكى دىنىي تۇس بىر قەدەر قويۇق بولۇپ، جۈمە ۋە مۇھىم كۈنلەردىكى دىنىي پائالىيەتلەر ئۈچۈن ھەپتىسىگە بىر قېتىم 500 جىڭ گۆرۈچ پىشىدىغان سەككىز قۇلاقلىق چوڭ داش قازان ئېسىلىپ، زارا خەتمە قىلىنغان. دىنىي قائىدە بويىچە زارا خەتمە قىلىنغان تاماقلارنى يېيىش «ساۋاپ» بولغانلىقتىن، پۈتۈن كورلىنىڭ يېزا-قىشلاقلىرىدىن جۈمە نامىزىغا كەلگەن ئېتىقادچى ئامما بۇ تاماقتا ئېغىز تەگكەن. بۇ مازارنىڭ مەدرىسلىرىدە مۇقىم ۋە ۋاقىتلىق تەلىم ئالىدىغان تالىپلار، دىنىي ساۋاق ئالىدىغان ۋاقىتلىق ئوقۇغۇچىلار بولغان. بىر قىسىم كېسەل كىشىلەر بۇ يەردىكى شەيخلەردىن ياردەم سوراپ «دەمىدە» قىلدۇرغان. ئازادلىقتىن كېيىنمۇ، بىر قىسىم ئېتىقادچى ئامما چاچى مازىرىمدىكى دىنىي پائالىيەتكە قاتناشقانغا ئوخشاش، كورلا شەھىرىنىڭ پوخۇي رايونىدىكى «كۆنچى مازىرىم»غا بېرىپ، مۇشۇنداق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزگەن. ھەر يىلدىكى تۇنەك ۋە ئايەم ئايلىرى بۇ مازارغا بېرىپ، بىر كېچە تۈنەپ، مازارنى ھالقىسمان ئايلىنىپ ئىبادەت قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ «تىلەك»لىرىنى تىلەشكەن. مەن 80-يىللىرى بۇ مازارنىڭ تۈنەك كېچىسىدىكى پائالىيەتلىرىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ كۆرۈپ كېلىشكە بارغاندىم. بىز ئېشەك ھارۋىسى بىلەن كورلا بازار ئىچىدىن چۈشتىن كېيىن يولغا چىقىپ كەچتە مازارغا يېتىپ كەلدۇق. ھەرقايسىمىز مازار ئۈچۈن ئاتىغان «سەدىقە»لىرىمىزنى شەيخقە تاپشۇرغاندىن كېيىن، مۇۋاپىق ئورۇن تېپىپ ئولتۇردۇق. بىز كەلگەندە مازارنىڭ ئەتراپى ئادەم بىلەن توشۇپ كەتكەن بولۇپ، تاۋاپ قىلىۋاتقانلار 2000 دىن كەم ئەمەس ئىدى. بىردەمدىن كېيىن تاۋاپ پائالىيىتى باشلىنىپ كەتتى. مەن پائالىيەت بىر قەدەر مەركەزلەشكەن بىر جايغا كېلىپ مازارغا ھالقىسمان ئايلىنىپ ئىبادەت قىلىۋاتقان سوپا-ئىشانلارنىڭ زىكرى-تەلقىن، جەھرى سامالىرىنى كۆردۈم. ئومۇمەن بۇ يەرگە كەلگەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەرخىل تەلەپ مۇددىئالىرى بويىچە تۈرلۈك ئىبادەت شەكىللىرىنى تاللىۋالغانىدى. بىر قىسىم ئاياللار ئىبادەت داۋامىدا كۆنچى مازىرىم يېنىدىكى يەنە بىر ئۇلۇغ جاي «يەتتە قىزلىرىم تونۇرى» ئەتراپىنى ئايلىنىپ «يەتتە قىزلىرىم»دىن ئۆزلىرىگە شەپقەت ۋە پەرزەنت ئاتا قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تونۇر تۇپىلىرىنى يۈزلىرىگە سۈرتۈۋاتاتتى. بۇ پائالىيەت بىر كېچە داۋام قىلدى. تاڭ يورۇشقا قايتىدىغانلار قايتىشتى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر قالدى. ئەلۋەتتە بەزى مازارلارنىڭ تاۋاپ شەكلىمۇ ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، كورلا شەھىرى چەرچى باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ شىمالىدىكى «تاغ مازىرىم»دا ئايەم كۈنلىرىدىكى تۈنەكتىن باشقا كۈنلەردىمۇ ھەم ئىبادەت، ھەم ساياھەت بىر گەۋدە قىلىنغان مازار تاۋاپ پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدۇ. كورلا دىيارىدا بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە مەشھۇر بولغان «قالغا مازىرىم»دىكى باشئەگىم ساياھەت رايونىنى سەيلە قىلىش، «قالغا مازىرىم»دىكى «تاھىر-زۆھرە» قەبرىسىنى يوقلاش مەركەز قىلىنغان زىيارەت قىلىش پائالىيىتى بىر قەدەر داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. كورلا خەلقى قەدىمدىن تارتىپ، ھەر يىلى ياز ۋە كۈز مەزگىلىدە، سەيلە ۋە ئىبا-

دەتنى مەركەز قىلغان «باراۋەت سەيلىسى»نى ئۆتكۈزۈپ
كەلگەن. بۇ سەيلە پائالىيەتلىرى ئەينى يىللاردا ھەرقايسى
ساھە، ھەرقايسى كەسىپتىكىلەر ئۆز باشچىلىرىنىڭ يېتەك-
چىلىكىدە پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرغان. بەزى چوڭ سو-
رۇنلاردا ئاتاقلىق ئۆلىمالار، مۇددەرىسلەر ئىسلام
ئەھكام- ئەدەپ قائىدىلىرىدىن تەلىم ئېلىپ بارغان. بەزى
سورۇنلاردا قىزىقچىلارنىڭ ئويۇنلىرى، مەddاھلارنىڭ
جەڭنامىلاردىن قىلغان ھېكايىلىرى، سەنئەتكارلارنىڭ ساز
ۋە ناخشا سادالىرى پۈتۈن باشئەگىم جىلغىسىنى لەرزىگە
سالغان. بۇ پائالىيەت بىر باشلانسا، بىر ھەپتە داۋام
قىلغان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ پائالىيەت مەزمۇنىدىكى
بەزى دىنىي ئادەتلەر يېڭىلىنىپ مەدەنىي پائالىيەت تۈرى
كۆپەيمەكتە. بۇ جايغا زىيارەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن
ئۆزلىرى خالىغان ھاۋالىق، گۈزەل بىر جاينى تېپىپ،
مىللىي ئۇسسۇل ئويناپ، ئادەت بويىچە ناغرا- سۇناي چالىدۇ.
تۈرلۈك سازلار بىلەن مەشرەپ قىلىپ باراۋەت قىلىدۇ.
سۆھبەتلەر قىلىشىپ، ناخشا ئېيتىشىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ.
بۇ پائالىيەت ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەر-
يانىدا خەلقىمىز ياراتقان قويۇق مىللىي مەدەنىيەت ئالاھى-
دىلىكىگە ئىگە بولغان مازار مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچە ئىپا-
دىسى بولۇپ، يىراق ئۆتمۈشتىن ھازىرغىچە ئىزچىل دا-
ۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مازار تاۋاپ مەدەنىيىتى پائالىيەتلىرى-
نىڭ بىر تۈرىدۇر.

كورلىدا داۋام قىلىۋاتقان مازار تاۋاپ مەدەنىيىتى
ئۇزاق تارىخقا ئىگە. تارىخىي يازمىلارغا ئاساسلانغاندا،
كورلا قەدىمكى قەبرىستانلىقى (ئورنى كورلا شەھىرى
شاڭخۇ يېزا شاڭخۇ كەنتى بىلەن قەدىمىي كەنت
«تىم»نىڭ ئۈستى تەرىپىدە، ھازىر بۇ ئورۇن مال
ساقلاش ئامبىرى قىلىنىپ كەتتى) قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ
يېنىدا بىنا قىلىنغان بولۇپ، 1996- يىلى بايىنغولىن ئوب-
لاستلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش- باشقۇرۇش
ئورنىنىڭ يىل دەۋرىنى بېكىتىشىچە، مىلادىدىن ئىلگىرى-
كى يەنى يېغىلىق دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 772- يىلى-
دىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 481- يىلىغىچە) ۋە ئەمنىيە
دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 475- يىلىدىن مىلادىدىن بۇ-
رۇنقى 221- يىلىغىچە بىنا قىلىنغان قەبرىستانلىق بولۇپ
2500 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئىكەن («بايىنغولىن
گېزىتى» ئۇيغۇرچە 1996- يىل 1- ئاينىڭ 15- كۈنىدىكى
سانىغا قارالسۇن). ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگودىكى ئاتاقلىق
ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبىنىڭ قارىشىچە كورلا شەھىرى
چەرچى قەدىمكى قەبرىستانلىقى بىلەن «قالغا مازىرىم»
مىلادىدىن كېيىنكى قەبرىستانلىققا كىرىدىكەن. قالغان ما-
زارلاردىن ئاۋاتتىكى «شاھ قەلەندەر مازىرى»، «چاچى
مازىرى»، «كۆنچى مازىرى»، «ئاقتاش گۈمبەز مازى-
رى» قاتارلىقلار 10- ئەسىردىن كېيىنكى قەبرىستانلىققا
كىرىدىغانلىقى توغرىسىدا تارىخىي يازمىلار بار.

بۇ مازارلار مەيلى كورلىدىكى ئۇيغۇرلار شامان
دىنى، بۇددا دىنى ياكى ئىسلام دىنى قوبۇل قىلغاندا بىنا
قىلىنغان بولسۇن، ھەممىسىلا خەلقىمىز تەرىپىدىن ئۇلۇغلى-
نىپ، قوغدىلىنىپ كەلگەن. «مازار ئېتىقادچىلىقىمۇ مەلۇم
جەھەتتىن ئەجدادلار ئېتىقادچىلىقى بىلەن مەنبەداشلىق مۇ-
ناسىۋەتكە ئىگە. ئۇيغۇرلار ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ مازارلىرى-
غا چوقۇنىدۇ. سۇتۇق بۇغراخان، ئوردام، ئارسلانخان،
توپئاتار غوجام، ھەزرىتى موللام يۈسۈپ قادىرخان قاتار-
لىق مازارلار 1000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان كەڭ
خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن تاۋاپ
قىلىنىپ كېلىنگەن. بۇ ئەسلىي ئەجدادلارغا چوقۇنۇشتىن
كەلگەن ئادەت بولۇپ، قەبىلىچىلىك دەۋرىدىكى ئۇلۇغ
بوۋىلار ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قەب-
رىلىرىنى ئالاھىدە ئېتىقاد مەركىزىگە ئايلاندۇرۇپ قەبىلە-
لەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت
قىلدۇرغان ①.

قەشقەردە «ئاپپاق خوجا مازىرى»نى مەركەز قىلغان
ئۆرۈك پىششىقىدىكى «ھەزرەت سەيلىسى»، يېڭىسار ناھى-
يەسىدە «ئوردىخان مازىرىم»نى مەركەز قىلغان «ئوردام
سەيلىسى»، ئونسۇ ناھىيەسىدە «قىرمىش ئاتام مازىرى»-
نى مەركەز قىلغان «قىرمىش ئاتام سەيلىسى»، بۈگۈردە
«تاغ مازىرىم»نى مەركەز قىلغان «تاغ مازىرىم سەيلى-
سى» كورلىدا «قالغا مازىرىم»دىكى «تاھىر- زۆھرە»
قەبرىسىنى مەركەز قىلغان «باشئەگىم سەيلىسى» قاتارلىق
پائالىيەتلەر بۈگۈنكى كۈندە مەزمۇن جەھەتتە يېڭىلانغان.

(ئاپتور: بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئورمانچىلىق ئىدارىسىدا)

---

① غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2007- يىل نەشرى، 276- بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئاياللارنىڭ ئەنئەنىۋى پەرداز بۇيۇملىرى

نۇرنىساخان مەتسىدىق

ئۇيغۇر ئاياللىرى ناھايىتى بۇرۇنلا جىگدە يېلىمى، ئوسما، ئۇپا، خېنە، تۇخۇم ئېقى قاتارلىق ئەنئەنىۋى گىرىم بۇيۇملىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ تاشقى گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ كەلگەن. تۆۋەندە ئاياللارنىڭ ئەنئەنىۋى پەرداز ۋاستىلىرىدىن بىر نەچچىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## چاچ ئارغۇچ

چاچ ئارغۇچنىڭ شەكلى ئەنئەنىۋى يىپ ئېگىرىش ۋاستىسى يىككە ئوخشاپ كېتىدۇ. بىراق چاچ ئارغۇچ يىكتىن ئىنچىكە ھەم ئىككى ئۇچى ئۇچلۇق بولىدۇ. چاچ ئارغۇچ خاس قىرمىچى ئۇستىلار تەرىپىدىن قىرىپ ياسىلىدۇ. پورلاشمىغان يۇلغۇن شېخىنى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېسىپ قىرغۇ ئارقىلىق تەكشى سىلىقلاپ تەييارلىنىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرى چاچنى ئوتتۇرىسىدىن ئايرىپ ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. چاچنى ئايرىشتا خاس چاچ ئارغۇچ ئىشلىتىلىدۇ. چاچ ئارغۇچنى ئىشلەتكەندە چاچ تۈز، رەتلىك ئايرىلىدىغان بولغاچقا ئاياللارنىڭ جەلپكارلىقى تېخىمۇ ئاشىدۇ. چاچ ئارغۇچ ھازىرمۇ يېزا-قىشلاقلاردا، يەنى ياشانغان ئاياللار ئارىسىدا ئىشلىتىلمەكتە.

## تارغاق

تارغاق خاس شاپتۇل ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. ئۇنى مەخسۇس قىرمىچى ئۇستىلار ياسايدۇ. يەنى شاپتۇل ياغىچىنى تەكشى رەندىلەپ نېپىز ھەرە بىلەن ھەرىدەپ چىش چىقىرىلىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى چاچنى گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدۇ. شۇڭا چاچ تاراشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ياغاچ تارغاقتا چاچ تاراش ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇ ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتماي كەلمەكتە.

## يېلىم چىلىغۇ

يېلىم چىلىغۇنىڭ شەكلى ھازىرقى غاز بويۇنلۇق ئەينەك رومكىنىڭ شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. يېلىم چىلىغۇنى مەخسۇس قىرمىچى ئۇستىلار چىلان ياكى ئۆرۈك ياغىچىدىن قىرىپ ياسايدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى ناھايىتى بۇرۇنلا جىگدە يېلىمىنىڭ چاچنى گۈزەللەشتۈرىدىغان رولىنى بايقاپ ئۇنى مەخسۇس ياسالغان يېلىم چىلىغۇغا سېلىپ ئۈستىگە ئازراق سۇ قۇيۇپ قويسا يېلىم يۇمشاپ شىلىمشىق ھالەتكە كېلىدۇ. بۇنداق قاچىدا يېلىم ئۇزاق تۇرسىمۇ بۇزۇلۇپ قالمايدۇ.

يېلىم چىلىغۇ ناھايىتى نەپىس، كۆركەم، چىرايلىق بولۇپ سەنئەت بۇيۇمى قاتارىدا ساقلاش قىممىتىگىمۇ ئىگە. ئۇيغۇر ئاياللىرى ھېلىھەم يېلىم چىلىغۇنىڭ رولىدىن ياخشى پايدىلىنىپ كەلمەكتە.

## سۆزگۈچ

ئەنئەنىۋى سۆزگۈچ يۇلغۇن شېخى ياكى ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى ئىنچىكە تىلىپ بىر تال ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسىغا رەتلىك ئەڭ يېقىن قىلىپ تىزىپ توغرا ياغاچنى مەھكەم چىگىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى چاچ تاراشتا ئالدى بىلەن چاچنى ھۆللەپ پاكىز يۇيۇپ، تارغاق ئارقىلىق چاچنى رەتلەپ بولۇپ، ئاندىن سۆزگۈچ ئارقىلىق چاچنى قايتا رەتلەپ چاچنى پاكىزلايدۇ. سۆزگۈچ چاچتىكى ھەرقانداق چاپلاشقاق نەرسىلەرنىمۇ پاكىزلىيالايدۇ، ئۇيغۇر ئاياللىرى سۆزگۈچ ئىشلەتمەي چاچ تارىمايدۇ. قولدا ياسالغان ئەنئەنىۋى سۆزگۈچ ھازىرمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچ تاراش ۋە چاچ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىشتا ئۆزىنىڭ رولىنى يوقاتماي كەلمەكتە.

ئۇيغۇر ئۇستىكارلىرى يەنە ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدىغان مىس ۋە قاشتېشى قاتارلىقلاردىن ئەينەك ياساپ ئاياللارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئالاھىدە ئەقىل ئىشلەتكەن. بۇنداق ئەينەك ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى زور پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى ئەينەكلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى نەتىجىسىدە ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ياسالغان ئەينەكلەر ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتتى.

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى پەرداز تۇرمۇش ۋاستىلىرى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەقىل-پاراستىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ ھازىرمۇ قىممىتىنى يوقاتماي كەلمەكتە.

(ئاپتور: چىرا ناھىيە يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە)

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى ئات تەسۋىرى



مېھرىنسا مەخەت

ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئالتاي تاغ تىزمىلىرى ئېتىكىدىكى كەڭرى كەتكەن زېمىندا ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قىسمەن دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساسىي تۇرمۇش شەكلى قىلغان قەدىمىي تۈركىي تىللىق مىللەتلەر دۇنياغا مەشھۇر «يايلاق مەدەنىيىتى» ۋە «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى»نىڭ ياراتقۇچىلىرىدۇر. ئۇلار بۇ مەدەنىيەتنىڭ يارىتىلىشى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىغان ئاتنى ۋاستە قىلغان ھالدا يىپەك يولىدا ئۆزگىچە مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە باشلامچىلىق رول ئوينىغان. بۇ ھەقتە ياپونىيە تارىخشۇناسى جاڭ شاڭبۇ «ئاتلىق مىللەتلەر ھاكىمىيەتلىرى» دېگەن ئەسىرىدە: «ئالتاي مەدەنىيەت چەمبىرىكى دائىرىسىدە ئاساسلىق رول ئوينىغان قەدىمىي تۈركىي تىللىق خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئاتنى ۋاستە قىلىپ بۇ مەدەنىيەت چەمبىرىكىنىڭ ئاساسىي غولىنى تەشكىل قىلغان»① دەپ يازىدۇ.

ئاتلىقلار مەدەنىيىتىگە بىۋاستە ئىشتىراك قىلغان ئۇيغۇر خەلقى ئىپتىدائىي دەۋرلەردىلا ئاتنىڭ تېز يۈگۈرۈيدىغان كۈچلۈك، چەبداس، باتۇرلۇقىنى بايقىغان ھەمدە ئۇنى كۆندۈرۈپ مۇھىم جەڭ قورالى ۋە قاتناش ۋاستىسى ۋە پوچتا ئالاقىسىدا كەڭ تۈردە ئىشلىتىپ كەلگەن. ئات قولغا كۆندۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىغا ئاجايىپ زور بۆسۈش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىگە گۈللىنىش ئاتا قىلىپلا قالماي، دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە كۆچۈشى، يىراققا يۈرۈش قىلىشى ئۈچۈنمۇ تۈرتكىلىك روللارنى ئوينىدى. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ چۆل مەدەنىيىتى، يايلاق مەدەنىيىتى، شەھەر - قىشلاق مەدەنىيىتى، غار مەدەنىيىتى قاتارلىق مەدەنىيەتلەر باشتىن - ئاخىر ئاتتىن مۇستەسنا ھالدا گۈللەنگەن ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا «ئات ھايۋانلار ئىچىدە تەڭرىگە ئەڭ تېز يېقىنلىشالايدىغان ھايۋان»② دەپ قارالغاچقا ئۇ ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن بىر خىل سېھرىي كۈچكە ئىگە خاسىيەتلىك ھايۋان دەپ قارىلىپ ئۇلارنىڭ ئەتىۋارلىشىغا، ئۇلۇغلىنىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ كەلگەن.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق قەدىمكى زامانلاردىن بېرى ياراتقان فولكلورى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ياكى تاش پۈتۈكلەرگە قارايدىغان بولساق باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق ئات ئوبرازىسىز يارىتىلغان ئەمەس. ئۇلاردا ئات ئوبرازى ئەسلىي تەبىئىي ئات قارىشىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، باش قەھرىماننىڭ سادىق، قۇدرەتلىك ياردەمچىسىگە ئايلانغان، ھەتتا بەزىدە ئىلاھىي خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان. بۇ ھەقتە فېيىرباخ مۇنداق دەيدۇ: «ھايۋانلار ئادەم ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان نەرسە. ئادەم ئۆزى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ھايۋانغا تايىنىشى كېرەك. ئۇ كىشىلەرنىڭ ھاياتى ۋە مەۋجۇت بولۇشىدا تايانغان نەرسىسى بولغاچقا، ئادەم ئۈچۈن ئىلاھ ئىدى» ③. ئات ھەقىقەتەن ھەممە ھايۋانلاردىن كۈچلۈك ۋە ئەقىللىق. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىلا ئاتنىڭ ئاشۇ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ قانىتى دەپ ھېسابلىغان. قەدىمكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىدىلا ئاتنى ئۇلۇغلاش ئېتىقادى تۈپەيلىدىن تەڭرىقۇت ياكى سەركەردىلەر ئۆلسە ئۇلارنىڭ مىنىدىغان ئېتىنىمۇ قوشۇپ بىرگە دەپنە قىلىش ئادىتى بولغان. «تۇرپان ئاستانىدىن قېزىۋېلىنغان جەڭ ئاتلىرىغا مىنگەن ئەسكەرلەر ۋە ئارغىماق ئاتلارغا

www.uyghurkitap.com



منگەن ئېسىلزادە خېنىملار»④، «خوتەن ئاقسېپىل قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان ساپالدىن ياسالغان ئىككى دانە ئات بېشى پارچىسى⑤، لوپ ناھىيەسىدىكى سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىلغان ئادەم باشلىق، ئات بەدەنلىك غەلىتە ئوبرازنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن رەڭدار توقۇلما ئىشتان»⑥ قاتارلىقلارنىڭ بايقىلىشى ئەجدادلىرىمىز ئېڭىدا ئاتنىڭ يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى «ئوغۇزنامە»گە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا ئات ئوبرازى ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن، «ئوغۇزخان چىپار ئايغىر مىنەتتى. ئايغىرنى بەك ياخشى كۆرەتتى. يولدا بۇ ئايغىر يىتتى... ئوغۇزخاننىڭ ئايغىرى مۇزتاغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئوغۇزخان ئازاب چەكتى. لەشكەرلەر ئىچىدە تەمبەل بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ باتۇر ئىدى، جەڭلەرنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بەرگەن ئادەم ئىدى. بۇ ئادەم ئاتنى ئىزدىگىلى تاغقا كىردى. توققۇز كۈندىن كېيىن ئوغۇزخانغا ئاتنى ھازىر قىلدى... ئوغۇزخان خۇرسەن بولدى. ئېيتتىكى: سەن بەگلەرگە بولغىن باشلىق. مەڭگۈلۈك ئىسمىڭ بولسۇن ساڭا قارلۇق»⑦. يۇقىرىقىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئوغۇزخان ئاتتىن ئايرىلالمايدۇ، ئات ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا ئۇ ئاتنى تېپىپ كەلگەن باتۇرغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۇنى قەبىلە باشلىقى قىلىپ، ئۇنىڭ قەبىلىسىگە «قارلۇق» دەپ نام بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى پالنامىسى «ئىرق بىتىگ»كە قارايدىغان بولساق، ئات ياخشىلىق، بەختنىڭ بەلگىسى قىلىنغان. مەسىلەن، «باتۇربەگ يىلقىسىغا بېرىپتۇ، ئاق بايتالنى قۇلۇنلاپتۇ، ئالتۇن تۇياقلىق ئايغىرلىققا يارىغۇدەك؛ تۆگىلىرىگە بېرىپتۇ. ئاق ھىنگانى بوتىلاپتۇ. ئالتۇن پۇتلۇق بۇغرالىققا يارىغۇدەك؛ ئۆيىگە كەپتۇ. ئۇنىنچى مەلىكىسى ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بەگلىككە يارىغۇدەك، خۇشال-خۇرام بەگ ئىكەن! بۇ ئېنىق ئەزگۈ»(8).

ئات يېتىشتۈرۈش قاراخانىلار دەۋرىدىكى چارۋىچىلىقتا ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، ئات بۇ دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا قارايدىغان بولساقمۇ ئۇنىڭدا ئات ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ماقال-تەمسىل، قوشاقلار ساقلانغان. مەسىلەن، «قۇش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن»⑨. «ئايىل، ئاتنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمى، ئات تۈركلەرنىڭ قانىتى بولغانلىقتىن ئاتنى ئايىل دەپمۇ ئاتايدۇ»⑩. «بەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ماڭىدىغان تېز پوچتىچىنىڭ بېكەتلەردە يەڭگۈشلەپ مىنىدىغان ئېتى»⑪.

قىرقىرىتىپ ئاتنى سالايلى،
قالقان نەيزە ئۇرايلى.
قايناپ يەنە يۇمشايلى،
قاتتىق يىغا بوشىسۇن.

ئەي ئوغۇل نەگە كەتتىڭ،
بۇ يەردە تىنچ - خاتىرجەم ئىدىڭ.
ئەمدى سەن ئاتتىن ئۈمىدىڭنى ئۈز،
قىلمايدىغان ئىشنى قىلىپ قويدۇڭ⑬.

دېمەك، ئەجدادلىرىمىز ئاتنى ئەرنىڭ قانىتى، جەڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم ھەل قىلغۇچ ئامىلى دەپ قاراپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا پوچتا-ئالاقە ئىشلىرىدىمۇ زور رول ئوينىغان.

ئات ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن خەلقىمىز قەلبىدە يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە بولغاچقا، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ھەققانىيەتنى قوغداش، ئاجىزلارنى يۆلەشتە ئات ئوبرازى ئارقىلىق ياردەم بەرگەن. چۆچەكلەردە ئات باش پېرسوناژنىڭ سادىق دوستى، ياردەمچىسى، يول كۆرسەتكۈچىسى، شۇنداقلا ئۆز ھاياتى بەدىلىگە ئىگىسىنى بەختكە ئېرىشتۈرگۈچى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. چۆچەكلەردە ئات ئادەمگە ئوخشاش تەپەككۇر قىلالايدۇ، سۆزلىيەلەيدۇ. ئەمما ئادەمدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ.

«دىيانەتلىك مەلىكە بىلەن ۋاپادار ئات»، «بوز ۋاپادار»، «مەلىكە ئايتىللا بىلەن شاھزادە رەۋەيتىللا»، «قارا يايلىق قۇلان ئارغىماق» قاتارلىق چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئات دىۋە تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلمەكچى بولغان مەلىكىگە ئەقىل ئۆگىتىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ قاچىدۇ ۋە شاھزادە بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. كېيىن مەلىكە تۆھمەتكە ئۇچراپ ئىككى بالىسى بىلەن ئوردىدىن قوغلانغاندا، ئۇلارنى ئېلىپ خىلۋەت ماكاندا بىللە ياشايدۇ،



ئۇ يەردىمۇ دىۋە (بەزىدە جادۇگەر) مەلىكىگە زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغاندا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ مەلىكىنى خەۋپتىن قۇتقۇزىدۇ. ئاخىرىدا ئادەمسىز زېمىندا ئاچارچىلىقتا قالغاندا مەلىكىگە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ، تۆت پۇتىنى تۆت تەرەپكە قارىتىپ تېرىسىنى ئوتتۇرىسىغا قويۇشنى، بېشىنى كۈن چەقىشقا قارىتىپ قويۇپ مەلىكە ۋە باللىرىنى ئوتتۇرىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇشنى تاپىلايدۇ، مەلىكە ئاتنىڭ تاپشۇرغىنى بويىچە ئورۇندىغاندىن كېيىن ئۆزىنى تۆت ئەتراپى قورشالغان، ھەر خىل مېۋىلەر مەي باشلاپ پىشقان ئىنتايىن گۈزەل بىر باغدا كۆرىدۇ. دېمەك، ئات بىر ئۆمۈر مەلىكىگە سادىق بولۇپ، ئۇنى بالا - قازادىن ئامان - ئېسەن ساقلاپ، ئۆز ھاياتى بەدىلىگە مەلىكە ۋە ئۇنىڭ باللىرى ئۈچۈن خاتىرجەم تۇرمۇش بەرپا قىلىپ بېرىدۇ.

«ئاق بوز ئات»، «شىرىزات» ناملىق چۆچەكلەردە بولسا توققۇز ئوغلى بار بىر كىشى توققۇز قىزى بار ئادەم تېپىپ قۇدىلاشماقچى بولۇپ سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. كەنجى ئوغۇل بولسا ئۆيگە قاراپ قالىدۇ. ئۇلار ئۇزاق ئىزدەپ ئاخىر توققۇز ئوغۇللۇق كىشى بىلەن قۇدىلىشىش ئارزۇسى بار بولغان توققۇز قىزى بار ئادەمنى تاپىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن قۇدىلىشىپ، كېلىنلىرىنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىش ئۈچۈن ماڭىدۇ. مېڭىشنىڭ ئالدىدا كەنجى قىز دادىسىدىن ئۆيىدىكى ئاق بوز ئاتنى سوراۋېلىپ بىرگە ئېلىپ ماڭىدۇ. سەپەر ئۈستىدە بىر بەدبەشىر دىۋە ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ كەنجى ئوغۇلنى ئالدىغا ئەكېلىپ بېرىشنى، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا ئۇلارنىڭ ھەممىسنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇلار ئامالسىزلىقتىن كەنجى ئوغۇلنى ئەۋەتىپ بېرىشكە ۋەدە بېرىپ، كەنجى كېلىننى دىۋىنىڭ قېشىغا قالدۇرۇپ ئۆيگە قايتىدۇ. كەنجى ئوغۇل ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال ئاق بوز ئاتنى مىنىپ ئايالنى قۇتۇلدۇرغىلى ئاتلىنىدۇ. ئات يول ئۈستىدە يىگىتكە دىۋىنىڭ جېنىنىڭ قەيەردە ساقلىنىدىغانلىقى، ئۇنى قانداق قىلغاندا يەڭگىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا يول كۆرسىتىدۇ، يىگىت ئاتنىڭ ئېيتقىنىدەك ئورۇنداپ، دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ، ئايالىنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىدۇ. چۆچەكلەردىكى ئات ئىنتايىن ئەقىللىق بولۇپ، ئۆز ئىگىسىگە توغرا يول كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ مۈشكۈلاتلاردىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

بىر قىسىم چۆچەكلەردە ئات ئۆگەي ئانىنىڭ زۇلۇمى ۋە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان يىگىتنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئات بىلەن يىگىت باشقا يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەندە يىگىت شۇ مەملىكەتنىڭ مەلىكسىنىڭ ياخشى كۆرۈپ قېلىشىغا ئېرىشىدۇ. پادىشاھ بۇ يىگىتنى ياراتماي ئۇنى قېيىن سىناقلار بىلەن سىنايدۇ. مانا مۇشۇ جەرياندا ئات باشتىن-ئاخىر يىگىتكە ياردەم قىلىپ ئۇنىڭ سىناقتىن ئۆتۈشى ۋە سۇيىقەستلەرنى تارمار قىلىشىدا چوڭ رول ئوينايدۇ.

بىر قىسىم چۆچەكلەردە ئات ئالدىن بېشارەت بەرگۈچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ.

ئاتا-بوۋىلىرىمىز تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇخىل مەۋجۇداتلارنى مەلۇم ئىش-ۋەقەلەردىن ئالدىن مەلۇمات بېرەلەيدۇ، دەپ قاراپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە بۇنداق مەۋجۇدات ئۆسۈملۈك بولۇشىمۇ، ھايۋان، تاش تۇپراق بولۇشىمۇ، تاغ-دەريا بولۇشىمۇ مۇمكىن، مەيلى قانداق نەرسە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممە-

www.uyghurkitap.com



سى ئۆزلىرىنىڭ نورمال بولمىغان ھادىسىلىرى ۋە كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىق بەزى ئىشلاردىن ئالدىن خەۋەر بېرەلەيدۇ، دەپ قارىغان. مانا شۇنداق كۆز قاراشقا ئاساسەن كىشىلەر ئۆز ئەتراپىدىكى نورمالسىزلىقلارغا دىققەت قىلغان ۋە ئۇنىڭغا بەلگىلىك مەنىلەرنى بېرىشكەن ياكى ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبىنى ئەنە شۇ نورمالسىزلىقتىن ئىزدىگەن. شۇنداق قىلىپ خىلمۇخىل بېشارەت كۆز قاراشلىرى ۋە ئادەتلىرى مەيدانغا كەلگەن. بۇ خىل قاراش ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە كەڭ تۈردە ئەكس ئەتكەن بولۇپ، ئات ناھايىتى سەزگۈر، ھوشيار ھايۋان دەپ قارىلىپ، ئالدىن بېشارەت بەرگۈچى قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئاتنىڭ ئوقۇرىغا تېپىشى، قاتتىق كىشنىشىگە قاراپ كىشىلەر مەلۇم كېلىشمەسلىكنى ئالدىن ھېس قىلىشىدۇ. «بوز ۋاپادار» ناملىق چۆچەككە قارايدىغان بولساق ئات ئۆز ئىگىسىگە خەۋپ يەتكۈزمەكچى بولغان دىۋە بىلەن سۇنىڭ ئاستىدا ئېلىشىدۇ ھەمدە ئىگىسىگە سۇ يۈزىگە قىزىل قان ئۆرلەپ چىقسا ئۆزىنىڭ ئۆلگەنلىكى، قارا قان ئۆرلەپ چىقسا دىۋىنىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدا ئالدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئاخىرىدا قارا قان ئۆرلەپ چىقىپ دىۋىنىڭ ئۆلگەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ.

«ئاجايىپ بالا ۋە يەتتە باشلىق يالماۋۇز» چۆچىكىدە ئاتتىن تۇغۇلغان بالىنىڭ ئاجايىپ باتۇرلۇقى ھېكايە قىلىنسا، «ئالتۇن كوكۇلىلىق بالا» ناملىق چۆچەكتە تەك داۋاندىن ئۇچۇپ ئۆتەلەيدىغان، بىر يىللىق يولنى بىر كۈندە باسالايدىغان دۇلدۇل ھەققىدە ھېكايە قىلىنىدۇ.

دېمەك، ئات چۆچەكلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان، بىر خىل سېھىرلىك كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە، ۋاپادار، باتۇر ئوبراز بولۇپ، بىز بۇلاردىن قەدىمكى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئاتنى ئەڭ يېقىن ھەمراھى، نىجاتكارى قاتارىدا كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تېۋىنىپ ئۇنى مۇقەددەسلەشتۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇنداق بولغاچقا ئۇيغۇرلار ئاتنى ئۇرۇش ياكى خارلاشنى چوڭ گۇناھ دەپ قارايدۇ. ئات ئۈچۈن مەخسۇس ئېغىل، ئوقۇر ياساپ ئەتىۋارلاپ باقىدۇ. ئۈستەڭلەرگە ئاپىرىپ يۇيۇپ-تاراپ تۇرىدۇ، ئىگەر-جابدۇقلىرىنى تاللاشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئات گۆشىنى ئاساسەن يېمەيدۇ. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئات گۆشىنى ئىستېمال قىلمايدۇ.

**ئىزاھاتلار:**

① ئاينۇرە دولات: «ئالتاي مەدەنىيەت تېپىدىكى خەلقلەر ئېپوسلىرىدىكى ئات ئوبرازى»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1997-يىللىق 3-سان 72-بەت.

② تاشمۇھەممەد ئابدۇراخمان: «ئۇيغۇر ئاتچىلىق مەدەنىيىتىدىن ئىلى ئاتچىلىق مەدەنىيىتىگە نەزەر»، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1997-يىللىق 3-سان 55-بەت.

③ ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «يادىكارلىقلاردىن مەدەنىيىتىمىزگە نەزەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005-يىل 8-ئاي 1-نەشرى 775-بەت.

④ غەيرەتجان ئوسمان «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1985-يىل 4-سان 23-بەت.

⑤، ⑦ «ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتنى ئۇلۇغلاش ئادىتى ۋە ئۇنىڭ ئىزنالىرى توغرىسىدا»، «تۇرپان گېزىتى» 1995-يىل 11-ئاينىڭ 17-كۈنىدىكى سانى.

⑥ مۇھەممەد يۈسۈپ: «شىنجاڭ تارىخىدىكى پۇللار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994-يىل نەشرى 2-بەت.

⑧ «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 53-، 54-بەتلەر.

⑨ ئابدۇبەسىر شۈكۈرى: «ئىرق بىتىگ»دە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئات ھەققىدىكى قاراشلىرى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1992-يىللىق 3-سانى 97-بەت.

⑩، ⑪، ⑫، ⑬، ⑭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل 8-ئاي 1-نەشرى 48-، 68-، 575-، 102-، 165-بەتلەر.

⑮ مۇھەممەد ئىمىن ئاتاۋۇللا: «ئاق بوز ئات چۆچىكى» ۋە ئۇنىڭدىكى روھنى باشقا شەيئىگە بەنت قىلىش مۇتىفى توغرىسىدا»، «مىراس» ژۇرنىلى 2006-يىللىق 4-سان، 16-، 17-بەتلەر.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. ئوسمان ئىسمايىل تارىم «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006-يىل 5-ئاي نەشرى.

2. ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى» شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996-يىلى 8-ئاي 1-نەشرى.

3. ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن «يادىكارلىقلاردىن مەدەنىيىتىمىزگە نەزەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005-يىل 8-ئاي 1-نەشرى.

4. ئوسمان ئىسمايىل تارىم «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە ئۆرپ-ئادەتلەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 2004-يىللىق 2-سان.

5. ئابدۇبەسىر شۈكۈرى «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئات مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1993-يىللىق 4-سانى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فولكلور كەسپى 2007-يىللىق ماگىستىرانتى)



# «ئايتولدى» بىلەن «كۈنتۇغدى» دوستلۇقىدىن چىن دوستلۇققا قەدەر

ماھمۇد زەيدى

يۇسۇپ خاس ھاجىپ مىلادىيە 1018 ـ 1019 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەركىزى شەھىرى بالاساغۇندا تۇغۇلۇپ، كېيىنرەك قەدىمىي قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەن. بۇ يەردە ئىلمىي پائالىيەتلەر ئېلىپ بارغان. 1069 ـ 1070 ـ يىللاردا قۇتادغۇبىلىك داستانىنى يازغان. بۇ داستان XI ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىي ھاياتىنى ـــ تىل، تارىخ، ئەدەبىيات، فولكلور ۋە باشقا ساھەلىرىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم مەنبەدۇر. شائىر ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى تۈزەشنى كۆزدە تۇتۇپ، پادىشاھتىن باشلاپ تاكى كوچا سۈپۈرگىچىگە قەدەر قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇش ۋە ئەخلاقىي جەھەتتە ھەممە كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق ھالدا ئالىيجاناب بولۇش پرىنسىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، تەلىم ـ تەربىيە، يولداشلىق، دوستلۇق پرىنسىپلىرىنى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويغان.

مەلۇمكى، ھەرقانداق كىشى ئۆز ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئۆزىنى ھىمايە قىلىشىنى تىلەيدۇ. ھېچكىم ئۆزىگە باشقىلاردىن يامانلىق كېلىشىنى خالىمايدۇ. ئارامخۇدا تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بىر بەخت. يۇسۇپ خاس ھاجىپ: ياخشى كۆرگەن دوستلۇرۇڭ كۆپ بولسۇن، رەقىبلىرىڭ پەرىشان بولسۇن، ئەل ـ يۇرتۇڭ بارغانسېرى كېڭەيسۇن (6419 ـ بېيىت) دەيدۇ. ئادەمنىڭ دوستى بولۇش كېرەك. ئادەم دوستى بىلەن، دەرەخلەر پوستى بىلەن ياشايدۇ، دېيىلىدۇ خەلق ماقالىسىدە. جەمئىيەتتە كىشىلەر يەككە ـ يېگانە ياشىيالمايدۇ. ئادەم ئۆزى ئىجتىمائىي نەرسە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ماھىيىتى تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئەنە شۇ مۇناسىۋەتلەردىكى يۈرۈش ـ تۇرۇش نورمىلىرى ئومۇمىي قائىدە ـ يوسۇنلار مىزانى ـــ ئەخلاق دەپ ئاتىلىدۇ. يۇسۇپ خاس ھاجىپ فېئوداللىق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر دائىرىسىدە ياشاپ تۇرۇپ، ئۆز زامانىغا نىسبەتەن ئىلغار ئەخلاقىي پەزىلەت ئۆلچەملىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. كىشىلەرنى باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش، ئادىل بولۇش، خىيانەت قىلماسلىق، يالغانچىلىق ۋە پىتنە ـ پاسات تېرىماسلىق، بەلكى ياخشىلىق قىلىپ، ياخشى نام قالدۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. مۇشۇنداق بولۇشنى ياخشى ئادەم بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى دەپ قارايدۇ.

227. ئەگەر ياخشى بولماق تىلىسەڭ ئۆزۈڭ،
يورى، ياخشىلىق قىل، قوي، ئۆزگە سۆزۈڭ،

دەيدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ (تۆۋەندە داستان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەپ ئېلىنىدۇ) ھەممە باب ۋە قاتلاملىرىدا، باشتىن-ئاياغ مۇشۇ روھ ئۇلۇغۋار بىر غايە سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. داستان مەزمۇنىدىن شەكلىگىچە گۈزەل تىل بىلەن يېزىلغان، گۈزەللىك نۇرى يېغىپ تۇرىدىغان سەلتەنەتلىك بىر قامۇس. كارل. ماركس: جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشى ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىك توغرىسىدىكى ئۇستەكلىرىنىڭ جەۋھىرى①، دېگەن ئىكەن.

قۇتادغۇبىلىك ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ گۈزەللىك توغرىسىدىكى ئۇستەكلىرىنىڭ يەكۈنى ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەزەرىدە: كىشىنىڭ ھەردىكىتى گۈزەل ۋە رەزىل، ياخشى ۋە يامان دەپ ئايرىلىدۇ. گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئايرىيدىغان بۇنداق ئۆلچەم ئۇزاق تارىخىي ئەمەلىيەت جەريانىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن. شۇڭا ئۇ، ئوبيېكتىپلىققا ئىگە. دىدرونىڭ: «ياخشى ھەرىكەتنى تېخىمۇ قەدىرلىك، يامان ھەرىكەتنى تېخىمۇ يىرگىنچلىك، غەلىتە ئىشلارنى تېخىمۇ كۆزگە چېلىقارلىق قىلىپ كۆرستىش بارلىق يازغۇچى، رەسسام، ھەيكەلتىراشلارنىڭ مەقسىتىدۇر» دېگەن مەشھۇر سۆزى، بىزگە دەل يۈسۈپ خاس ھاجىپنى، ئۇنىڭ يۈقىرى بەدىئىي ماھارىتىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇرمۇشنى گۈزەل ئەخلاق پىرىنسىپلىرى بويىچە قۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. يۈكسەك سەۋىيەدىكى سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، گۈزەل، ياخشى نەرسىلەرنى تېخىمۇ يارقىن؛ يامان، رەزىل نەرسىلەرنى تېخىمۇ ئېچىنارلىق قىلىپ كۆرستىدۇ.

2077. سۆزۈن يۈز، يىرىك سۆز، تەكەببۇر كىشى،
كىشىنى يىرگەندۈرەر، يۈرۈشمەس ئىشى.
2038. سۆزى چىن بولسا بەگنىڭ خۇلقى گۈزەل،
ئىشەنگەي ياخشى كۆن كۆرۈپ ئاتا ئەل.
2025. ئۇياتسىز كىشىدىن يىراقتۇر-يىراق،
ئۇياتسىز كىشىدە خۇنۇك بىر قاراق.
2452. قۇرۇق بىر بوياقلىق ھەيكەل ئىلمسىز،
بىلىملىك كىشى ئورنى، كۆكتە-ئېگىز.

بۇ خىل سىلىشتۇرۇش، ئوبرازلاشتۇرۇش، سىمۋول قىلىپ كىشى تەپەككۇرىنى جانلاندۇرىدىغان ئۇسلۇب داستاننىڭ ھەرقايسى بابلىرىدا گەۋدىلىكتۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇشۇنداق سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق شەيئىلەر زىددىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ تاشلىغان. ئۆزىنىڭ ئىلغار پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى بېشىدىن تاكى ئاخىرىغىچە سىڭدۈرگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتىنى سۆيۈش، كىشى دوستلۇقىنى قەدىرلەش، ھەرقايسى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە رولى ھەققىدىكى ئىلغار قاراشلىرى ھازىرمۇ بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە. داستاننىڭ 48-بابىدىكى ساراي ئەھلى بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش توغرىسىدا ئېيتقانلىرىدىن باشلاپ، ئاۋام خەلق بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش، ئالىملار بىلەن تېۋىپ، مۇنەججىم، دېھقان، سودىگەر، چارۋىچى، قول-ھۈنەرۋەنلەر بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئايرىم-ئايرىم بايان قىلىنغان. بۇ توغرىدا شائىرنىڭ يولداشلىق، دوستلۇق ۋە دوست تۇتۇش توغرىسىدىكى بايانلىرى ئادەمنى جەلپ قىلىدۇ. مەلۇم مەنىدە كىشىلەر ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ياخشى يولداش ۋە ياخشى دوستلارنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئەسلىدىمۇ، داستاندىكى «ئاي تولدى» بىلەن «كۈن تۇغدى»نىڭ مۇناسىۋىتى يولداشلىق، دوستلۇق مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئوبرازلارنى دوستلۇقنىڭ ئېسىل نەمۇنىسى دېيىشكە مۇناسىپ. مۇبادا جەمئىيەتتە كىشىلەر ئارا دوستلۇق-مۇھەببەت، ئىناق، ئىتتىپاقلىق بولمىغان بولسا، ياخشىلىق، گۈزەللىك دېگەن نەرسىلەرمۇ بولمىغان بولاتتى. جەمئىيەتمۇ روناق تاپالماس ئىدى. ھېچقانداق ئىش يورۇققا چىقالمىغان بولار ئىدى. شۇ تۈپەيلى يۈسۈپ خاس ھاجىپ:

497. كىشىگە كېرەكدۇر ھەر يەردە تونۇش،
تونۇشلار بىلەن ھەل، تۈرلۈك تۈمەن ئىش.
ئاداش تۇتتى ئاي تولدى ياخشى كىشى،
كۆسەمىش ئىدى ئاتى، ياخشى ئىشى.
500. تۇتۇپ دوست، يولداش بولۇشتى يېقىن.
ئوچۇق تۇتتى چوڭ ھەم كىچىككە يۈزىن — دەپ

بايان قىلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كۆز قارىشىدا يولداشلىق ۋە دوستلۇقنىڭ ئاساسى ئورتاق غايە. ئەگەر بىر خىل ئورتاق كۆز قاراش ۋە مەقسەت بولمىغاندا، يولداش-

① لى يەنچى: «گۈزەل قەلب يارىتايلى» 125-بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985-يىل ئۇيغۇرچە نەشرىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

لىق ۋە دوستلۇق داۋام قىلالمايدۇ. «ئاي تولدى»نىڭ يىراق بىر ئەلدىن «كۈن تۇغدى»نى ئىزدەپ كېلىپ، مۇساپىرخانىدا يېتىشى، كېيىن ھاجىپ ۋە كۆسەمىشلەر بىلەن تونۇشۇپ، دوستلىشىپ كېتىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئورتاق بىر خىل غايىنى چىقىش قىلغانلىقتىن دېيىش كېرەك. داستاندا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار مۇناسىۋىتىدىكى سەممىي ئىنسانپەرۋەرلىك، كىشىلەرگە مۇلايىملىق بىلەن سىلىق مۇئامىلە قىلىش، سۆزدە سەممىي، قىزغىن بولۇش، كىشىگە ياخشىلىق قىلىش، قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن بەدەل تاما قىلماسلىقتەك ياخشى پەزىلەتلەر كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا مۇنداق ئۈچ خىل كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ: ئۆزۈڭدىن چوڭلار، تەڭتۇش ۋە ئۆزۈڭدىن كىچىكلەر. بۇ خىل كىشىلەرگە لايىق مۇناسىۋەتتە بولماق لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ:

4196. جەمئىي جانىنى كۆردۈم ئۈيۈرلە يۈرەر،
كىشى، يىلقى، قۇش-قۇرت، ئۈيۈرىن بىلەر.

بۇنىڭدىن بىلىمىزكى، كىشىلەر تىپى بىلەن، قۇشلار خىلى بىلەن يۈرۈيدۇ. قۇشلار چېغىدا ئۆز ھەمراھىنى، ئۆز توپىنى تاپىدۇ، ئادەم ئۆزىنىڭ ئارىلىشىدىغان ئادىمىنى تاللاش كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇنىڭدىن كېيىن دوستلۇقنىڭ پىرىنسىپلىرى ئۈستىدە توختىلىدۇ.

4201. ئىرۇر ئىككى تۈرلۈك يېقىنلىق ئىشى،
شۇ ئىككى ئىش ئۈچۈن دوست تۇتار كىشى.
بىرى يولداش تۇتار تەڭرىلىك ئۈچۈن،
بۇنىڭدا ئورۇن يوق، ئەگرىلىك ئۈچۈن.

4203. تۇتار دوستىنى نەپئى ئۈچۈن ئۇ بىرى،
بۇ دوستلۇق نىگىزسىز، ئىرۇر مەجبۇرى، دەيدۇ.

دېمەك، دوست بولغان كىشى تەڭرىلىك، يەنى ئىككى دۇنيالىق بولسا، بۇ خىل دوستلار بىر-بىرىگە سادىق بولىدۇ. تاكى ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرىغىچە كۆڭلىدە ئەگرىلىك بولمايدۇ. ئۆز پايدىسىنى كۆزلەپ تۇتۇلغان دوست داۋاملىشالمايدۇ. بۇنداق دوستلۇق پۇختا بولمايدۇ. نەتىجىدە ئايرىلىپ كېتىدۇ، دەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ توغرىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ دوست تۇتۇپ ئۇنىڭ پايدا-زىيانلىرىنى تېتىپ كۆرگەن تەجرىبىلىك كىشى تىلىدىن مۇنداق دەيدۇ: «دوستۇڭنى پايدا-زىيان ئۈستىدە سىنا، سىنىقىڭدىن ئۆتكەندىلا ئۇنىڭغا يېپىشقىن، غەيۋەتخور كىشى بىلەن دوست بولما، ئۇنىڭ تىلىدا ئوت كۆيىدۇ، تاماخور كىشىگە يېقىن يولىما، بۇنداق كىشىلەر بېشىڭغا بالا بولىدۇ. ھاراقكەشنى دوست تۇتما، ئۇ كۆڭلۈڭنى ئاغرىتىدۇ، ياقاڭدىن ئالىدۇ. يامانىنى دوست تۇتما، مۇنداقلاردىن يىراق يۈر. يامانلار سېنى يولدىن ئازدۇرىدۇ» دەيدۇ. (4208-، 4212-، 4214-، 4273- ۋە 4194-نومۇردىكى تېكىستلەرگە قاراڭ).

يامانغا يېقىنلاشما، قىلغاي زىيان،
يامانلىق چاقىدۇ، بولۇپ بىر يىلان، دەيدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاپتور تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ، مۇكەممەل كىشىنى دوست تۇتۇش ھەققىدە توختىلىدۇ:

4233. ئاداش تۇت كىشىنىڭ تاللاپ ياخشىسىدىن،
يامان بولسا دوستۇڭ، پۇشايمان كېيىن.

«دوست-بۇرادەرلىرىڭنىڭ ئېغىرىنى كۆتەر، كۆڭلىنى ئايا؛ ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قانچىلىك قوغدىساڭ، دوستۇڭنىمۇ شۇنداق قوغدا؛ دوست تۇتماق ئاسان، قوغدىماق قىيىن» دەيدۇ.

ئومۇمەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ باشقىلارغا مەرد، سېخىيرەك بول، دوستۇڭنىڭ ھاجىتىدىن چىققىن، سورىغۇچى بولماي، سورالغۇچى بول،... دەيدۇ. ئۇ، ئۆزىدىن ئۇلۇغلارغا ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە جاۋاب بەرگەندىمۇ قوپاللىق قىلماسلىقنى ئېيتىدۇ.

4304. ئۇلۇغنى قەدىرلە، ئۇنى ھۆرمەت ئەت،
ساڭا ھەم ئۇلۇغلۇق كېلىپ يۇققاي بەخت.
خىزمەت قىلما، قىلساڭ سېخىيلەرگە قىل،
سېخىيلەر ئۆيى ئالتۇن، كۈمۈش ئىشكى بىل.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆز تەڭتۇشلىرىڭ بىلەن كۆپرەك بېرىش-كېلىش قىل، ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتما، بىھۇدە سۆز قىلىشتىن ساقلان، دەيدۇ.

4310. سېنى سىز دېسەلەر، ئۇنى سىز دېگىل،
ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى جاۋاب سۆزلىگىل، دەيدۇ.

ئومۇمەن مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ داستاندا، كىشىلىك تۇرمۇشتا چوڭ-كىچىك ۋە تەڭتۇش-

لەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈش، ئارىلاشقاندىمۇ ئادەمگەرچىلىكنى تاشلاپ قويماسلىقنى تەكىتلەيدۇ. مۇنداق ئادەمگەرچىلىك: يولداشلىق، دوستلۇق، مېھرىبانلىق چۈشەنچىلىرى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىلا بولۇپ كەلگەن ياخشىلىق — گۈزەل سەزگۈنىڭ ئىپادىلىرى ئىدى. ھازىرمۇ شۇنداق. كىشىلەر ئەڭ ئېسىل مەقسەت، غايە، تىلەكلىرىنى ئۆز يېقىنلىرى — دوستلىرى بىلەن ئورتاقلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۆز تۇرمۇشلىرىدا ھاياتلىقنىڭ لەززىتىنى سۈرىدۇ. قەيەردە ئىنسانلار جامائەتچىلىكى بولىدىكەن، شۇ يەردە ئۆزئارا مۇناسىۋەت، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق مەۋجۇت. كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىش، تۈرلۈك كوللېكتىپ ئەمگەك ۋە خىزمەتلەر جەريانىدا بىر-بىرلىرى بىلەن پىكىرلىشىدۇ، ھەمكارلىشىدۇ، سىردىشىدۇ. بىرگە ئىشلەپ، بىرگە ئوقۇغانلار ئۆزئارا بىرلىكتە ئالغا باسىدۇ. بىر نىشان يولىدىكى نەتىجىلىرىدىن خۇشال بولىدۇ. بىر يولدىكى كىشىلەردىن بەزىلىرى قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، ئۇنىڭغا دوستلىرى يېقىندىن ياردەم قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھېس-تۇيغۇدا ئەڭ يېقىن بولۇپ كەتكەنلەر بولىدۇ. مانا بۇ خىلدىكى مۇناسىۋەت يولداشلىقنىڭ دوستلۇققا تەرەققىي قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، كىشىلەر ئىچىدە ئۆزىمىزگە ئەڭ يېقىن تۇرىدىغان يولداشلار ئىچىدىن ئۆزىمىزگە قەدىرلىك دوست تېپىۋالىمىز. ئەلۋەتتە ئۇچرىغانلا كىشىنى، يولداشنى دوستۇم دېگىلى بولمايدۇ. دوست دېگەن بىر-بىرىنى تولۇق چۈشەنگەن، بىر-بىرىگە ھەقىقىي ئىشەنگەن، ئىشەنچى بولغان، ھەرقانداق قىيىن ئەھۋاللاردا ئۆزئارا ياردەم بېرەلەيدىغان ۋە بىر-بىرىنى ھەقىقىي قەدىرلەيدىغان، شۇنداقلا، ئىچكى سىرلىرىنى يوشۇرماستىن، سەممىي ئېيتىشىدىغانلارلا دوستلۇق بۇرچىنى بىلگەنلەر ھېسابلىنىدۇ. مۇنداق دوستلۇقتىن سۆيگۈ - مۇھەببەت تۇغۇلىدۇ. سۆيگۈ-مۇھەببەت پەقەت يىگىت-قىزلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار بولۇپ قالماي، ئۇ، بەلكى بىر پۈتۈن ئەل-يۇرتقا، ۋەتەن-خەلققە، ھۈنەر-سەنئەت، كەسىپكە بېغىشلانغان سۆيگۈ-مۇھەببەتمۇ بولىدۇ. مۇھەببەتنىڭ تولۇق مەنىسى مۇشۇنىڭدا.

تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا يولداشلىقتىن، كەسىپداشلىقتىن، سىردىشىشتىن يېقىن دوستلۇق ئورنىتىلىپ، ئاخىرىدا چىن مۇھەببەتكە ئايلانغانلىقى ھەققىدىكى پاكىتلار بىزنى قايىل قىلىدۇ. زامانىمىزدىمۇ بىر يولدىكى يولداشلار بىرلىكتە ئىشلەش ۋە يېقىن دوستلاردىن بولۇپ كەتكەنلەر تولا. دوستلۇق — تۈگىمەس ۋە خورىماس خەزىنە. دوستلۇق — ئەسىرلەرگە سوزۇلغان يولدۇر. ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقىمىز بۇ ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇپ، دوستلىرىنى كۆپەيتكەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دوستلۇق توغرىسىدىكى پىرىنسىپلىرى بىزنى ئىلھاملاندۇرىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ پېنسىيونېرى)

# تۈزىتىش

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

ئەسەرنى كومپيۇتېردا تىزىشتىكى خاتالىق تۈپەيلىدىن 2010 - يىلى 2 - سان ژۇرنالنىڭ 61 - بېتىدە ئازراق خاتالىق كۆرۈلگەن. شۇڭا «غۇلجا دوپپىسى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» ماقالىسىدىكى ‹مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئابدۇكېرىم راخماننىڭ «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى»، ھېبىبۇللانىڭ «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى قاتارلىق تەتقىقات نەتىجىلىرى»› دېگەن بۆلەكنى ‹مەرھۇم ئابدۇرېھىم ھېبىبۇللانىڭ «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، ئابدۇكېرىم راخماننىڭ «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى» قاتارلىق نەتىجىلىرى› دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى




## مۇلازىمەت قىزىق لىنىيەسى

ئەر - ئايال ئىككىسى تېلېفونىست ئىدى. ئۇلار بىر كۈنى گەپ تالىشىپ قالدى. ئېرى ئاچچىقى بىلەن ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ چىقىپ كەتتى. كەچ كىرىپ كەتتى، خوتۇنى ئېرىنىڭ تېخىچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىدىن ئازراق ئەنسىرەپ قالدى ھەمدە ئېرىگە تېلېفون بەردى. ئەر بىر قاراپ ئايالىنىڭ نومۇرى ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە قوپاللىق بىلەن:

— ياخشىمۇ سىز! بۇ بولسا «ئايرىلساق ئايرىلدۇق» مۇلازىمەت قىزىق لىنىيەسى، باش ئېگىپ خاتالىقىڭىزنى تونۇسىڭىز «1»نى؛ قەتئىي ئاجراشماقچى بولسىڭىز «2»نى بېسىڭ، ئادەم ئۇرماقچى بولسىڭىز، مۇلازىمەت لىنىيەمىز سىز ئۈچۈن «110»نى ئۇلاپ بېرىدۇ...

بۇنى ئاڭلىغان خوتۇنى ئاچچىقىدا تېلېفوننى بېسىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەر داۋاملىق سىرتتا چۆرگىلەپ يۈردى، لېكىن كۈن ئۇۋۇسىغا كىرىپ، كۆز ئالدى بارغانسېرى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ ئاستا ئۆيگە قاراپ ماڭدى. كىم بىلسۇن ئىشىك ئىچىدىن قۇلۇپلانغان ئىدى. ئەر ئامالسىز خوتۇنىغا تېلېفون ئۇردى. تېلېفون ئۇلانغاندىن كېيىن خوتۇنى ئاۋازىنى ئىنچىكە چىقىرىپ:

— ياخشىمۇ سىز، بۇ «كىمدىن كىم قورقىدۇ» مۇلازىمەت قىزىق لىنىيەسى، ئۆيگە قايتماقچى بولسىڭىز، كىر يۇيۇش تاختىسىغا تىزلىنىڭ، ئاجراشماقچى بولسىڭىز مىخ تاختىغا تىزلىنىڭ، ئەگەر سىز بىتاپ بولۇپ قالسىڭىز، مۇلازىمەت قىزىق لىنىيەمىز سىز ئۈچۈن «120»نى ئۇلاپ بېرىدۇ.

## ھاكاۋۇر شوپۇر

بىر كىشى ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئۆيگە قايتقاندا كەچ بولۇپ كەتكەنىدى. ئاھالىلەر رايونىنىڭ ئامانلىق ساقلىغۇچىسى ئۇنىڭغا:

— ئاھالىلەر رايونىدا ماشىنا توختاتقۇدەك يەر قالمىدى، — دېدى.

ھېلىقى كىشى ئالدى تەرەپتىكى توختىتىپ قويۇلغان ئىككى ماشىنىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئازراق يەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— قانداقسىگە يوقكەن؟ — دېدى.

ئامانلىق ساقلىغۇچى:

— ئۇ ئورۇن بەك تار، توختاتقىلى بولمايدۇ، — دېدى. ئەر ئاچچىقى بىلەن:

— قانداقسىگە توختاتقىلى بولمايدۇ؟ مەن ساڭا بىر كۆرسىتىپ قوياي، — دەپلا بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ بوش ئورۇنغا كىرىپ توختىدى. ئامانلىق ساقلىغۇچى داڭقېتىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئۇستام، تېخنىكىڭىز ھەقىقەتەن قالتىسكەن! ئەمما ماشىنىدىن چۈشۈڭ! — دېدى.

ھېلىقى كىشى قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— ئەلۋەتتە! — دەپلا تۇيۇقسىز تۇرۇپ قالدى ۋە يۇقىرى ئاۋازدا:

— ئاپلا! ئىشىكنى ئاچقىلى بولمىدى، چىقالمىغۇدەكمەن! — دېدى.





### گەپ قىلىش

دادىسى مەكتەپكە ئوغلىنى ئالغىلى باردى. ئاتا-بالا ئىككىيلەن ئاممىۋى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ئۆيگە قايتىشتى. ئىشىكتىن كىرگەن ئوغلى ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ئاپىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە:

— ئاپا، بۈگۈن ئاپتوبۇستا شۇنداق چىرايلىق بىر ئاچاش دادامغا گەپ قىلدى، — دېدى.

ئاپىسى ئاچچىقى بىلەن سورىدى:

— ئۇ ئايال نېمە دېدى؟ — ئۇ سۆزلەۋېتىپ دادىسىغا چەكچەيدى. دادىسى نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي، بىر ئاز جىددىيلىشىپ، ئاندىن ئىككىسى تەڭلا نەزەرىنى ئوغلىغا قاراتتى. ئوغلى:

— ئۇ چىرايلىق ئاچاش، دادامغا «مەندىن يىراقراق تۇرۇڭ» دېدى.

### كەسپىي كېسەل

بىر ئەر بېشى ساڭگىلىغان، كەيپىياتى چۈشكۈن ھالدا دوختۇرنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— دوختۇر، مەن ھەر كۈنى ئۇخلاپ قالغاندا، جۆيلۈپ ئۆزۈمنى بىلمەي كارىۋاتنىڭ ئاستىغا كىرىپ ئۇخلايدىكەنمەن، ھازىر ئايالىم مەندىن ئاجرىشىپ كېتىشكە ئازلا قالدى! — دەپتۇ.

دوختۇر تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئەرنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ناھايىتى نورماللىقىنى ھېس قىپتۇ ۋە ئەجەبلەنگەن ھالدا:

— سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز شۇنداق ياخشىكەنغۇ، قانداق خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەر:

— مەن ئاپتوموبىل رېمونتچىسى، — دەپتۇ.

### ئابرۇيپەرەس ئادەم

بىر يىگىتنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. دادىسى ئەسكى-تۈسكىلەرنى يىغىپ ساتقۇچى، ئاپىسى بولسا تازىلىق ئىشچىسى، ئاچىسى لىفت ھەيدىگۈچى خادىم، ئىنىسى بولسا ساتىراشخانىدا چاچ يۇياتتى.

بىر كۈنى يىگىتنىڭ ئۇزاقتىن بېرى قوغلىشىپ يۈرگەن قىزى ئاخىر ئۇنىڭ ئۇچرىشىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. قىز ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى سورىدى. يىگىت پەخىرلەنگەن ھالدا:

— مېنىڭ دادام بايلىق يىغقۇچى، ئاپام بولسا مۇھىت ئاسراش خىزمەتچىسى، ئاچام قاتناش نازارەت قىلىش خادىمى، ئىنىم بولسا ئوبراز لايىھەلىگۈچى، — دەپ جاۋاب بەردى.

**مېھرىگۈل قادىر** تەرجىمىسى

(ش ئۇ ئا ر خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)





# ئاپتور، مۇھەررىر ۋە ئەسەر

پاتىگۈل ئەخمەت

نەشرىياتچىلىق مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى بىلەن يېتەكلەش، ئالىيجاناب روھ بىلەن كىشىلەرنى تەربىيەلەش، نادىر ئەسەرلەر بىلەن كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ ۋەزىپە نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئىككى قانىتى بولغان ئاپتورلار بىلەن مۇھەررىرلەرنىڭ ئورتاق ئەجرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاپتور بىلەن مۇھەررىر ئورتاق بىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، يول قويۇش، چۈشىنىش ئاساسىدىكى ھەمكارلىقى، ئورتاق قان-تەرى بەدىلىگە نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى ساغلام تەرەققىي قىلىدۇ؛ ئاۋامنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە، جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە پايدىلىق بولغان، كىشىلەرگە روھىي مەدەت، ئېستېتىك زوق بېغىشلايدىغان، كىشىلەرنى ياخشىلىق، گۈزەللىككە ئۈندەيدىغان نادىر ئەسەرلەر يارىتىلىپ، بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ مەنىۋى بايلىقىغا ئايلىنىدۇ.

تەھرىرلىك خىزمىتى بىلىم قۇرۇلمىسى، تۇرمۇشنى كۆزىتىش نۇقتىسى، شەيئى-ھادىسىلەرگە بولغان قارىشى، بەدىئىي دىتى ۋە ئەدەبىي تەربىيەلىنىشى ھەر خىل بولغان ئاپتورلارنىڭ خىلمۇخىل مەزمۇندىكى ئەسەرلىرىنى تەھرىرلەش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خىزمەت بولغاچقا، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىدا ئاپتور بىلەن مۇھەررىر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئاپتور بىلەن مۇھەررىرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق ئايرىش تولىمۇ مۇھىم. ئاپتور بىلەن مۇھەررىر ئۆزئارا بىر-بىرىنى چۈشىنىشى، بىر-بىرىنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىشى، بىر-بىرىنى قوللىشى، تەڭ-باراۋەرلىك ئاساسىدا ھەمكارلىشىشى زۆرۈركى، ھەرگىزمۇ بىر-بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالاشماسلىقى، خاتا بولسىمۇ ئۆز كۆز قارىشىدا چىڭ تۇرۇۋالماسلىقى، كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ئىلمىي ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. بۇنداق قىلىش ھەر ئىككى تەرەپكە، جۈملىدىن نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىغا پايدىلىق.

تەھرىرلىك خىزمىتى نەشرىياتچىلىق خىزمىتىدىكى مەركىزىي ھالقا بولۇپ، تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ سۈپىتى نەشر بۇيۇملىرىنىڭ سۈپىتىنى بەلگىلەيدۇ. تەھرىرلىك خىزمىتى يەنە سەزگۈر سىياسىي ئاڭ، مول بىلىم ۋە يۇقىرى كەسپىي قابىلىيەت تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت بولغاچقا، كۆپ ساندىكى مۇھەررىرلەر ئۆز كەسپىگە ئەقىدە-ئىخلاس باغلاپ، ھەر جەھەتتىن ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارىدۇ. دۆلەتنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى، نەشرىياتچىلىقنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە نەشر بۇيۇملىرىغا قويۇلىدـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



غان تەلەپنى بىر قەدەر پىششىق بىلىدۇ؛ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى بىلەن كەلگۈسىنىڭ مەنىۋى تەلەپ-ئېھتىياجىنى بىر قەدەر چۈشىنىپ يەتكەن بولىدۇ. ئالدىنقى ئەسىرلەردىكى يېتەرسىزلىك، نۇقسانلارنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان بولىدۇ. بۇنداق قابىلىيەت ۋە ئىقتىدار، تەبىئىيكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەت جەريانىدا، ئىزدىنىپ-تىرىشىپ ئۆگىنىش داۋامىدا يېتىلىدۇ. تەھرىرلىك بىر ئۆمۈر ئۆگىنىشنى، توختاۋسىز ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان كەسىپ. مۇھەررىر ئۇچۇن ھېچقانداق بىلىم ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ.

مەسئۇلىيەت ئىگە كۈچلۈك، كەسىپتە پىشقان مۇھەررىرلەر ئالدىغا كەلگەن ھەر بىر ئاپتور ۋە ھەر بىر پارچە ئەسەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلىدۇ؛ ئاپتورنىڭ مېھنەت-ئەجرىنى قەدىرلەيدۇ؛ ئەسەرنى تەپسىلىي، قايتا-قايتا ئوقۇپ چىقىپ ئەسەر مەزمۇنىغا ئىچكىرىلەپ كىرەلەيدۇ ھەم ئەسەردىن ئاپتورنىڭ ئىدىيە-قارىشىنى، ئەسەر يېزىشتىكى مەقسەت-مۇددىئاسىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ، ئاندىن ئەسەرنىڭ نەشر قىلىش تەلىپىگە لايىق ياكى لايىق ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىپ، ئەسەرنى تەھرىرلەشكە كىرىشىدۇ. تەھرىرلەش داۋامىدا ئەسەرنىڭ قايسى تەرىپىدە ئاجىزلىق، يېتەرسىزلىك بولسا شۇ تەرىپىنى كۈچەيتىدۇ ۋە تولۇقلايدۇ؛ تىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىدۇ؛ قۇرۇلما جەھەتتىكى چۇۋالچاق، ئارتۇقچە جايلارنى پىششىقلاپ تەرتىپكە سالىدۇ. يەنى، ئەسەرنى مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن تېخىمۇ نۇرلاندۇرىدۇ. دېمەك، مۇھەررىرلەر نەشر بۇيۇملىرىنىڭ يورۇقلۇققا چىقىپ ئاۋام بىلەن يۈز كۆرۈشۈشىدە ئاپتورغا ئوخشاشلا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرىدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنى مۇھەررىرلەرگە تاپشۇرغان ئىكەن، ئۇلارغا ئىشىنىشى، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى ئېتىراپ قىلىشى، ئۇلارنىڭ رولىغا سەل قارىماسلىقى كېرەك.

نەشرىياتچىلىق خىزمىتىدە، ئاپتور بىلەن مۇھەررىرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتا ئىككى تەرەپنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق ئايرىش مەسىلىسىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ئاپتور بىلەن مۇھەررىر ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىدە بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئورتاق تىرىشىپ ئەسەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەتنى نامايان قىلىش كېرەك. ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىدە ئاپتور يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەمما مۇھەررىرلەر نەشرىياتچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىنى، دەۋرنىڭ ئاساسىي مېلودىيەسىنى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەلەپ-ئېھتىياجىنى بىر قەدەر ئەتراپلىق ئىگىلەپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇلارمۇ ئەسەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش داۋامىدا باشقىلار ئورنىنى ئالالمايدىغان مۇھىم رول ئوينايدۇ. كونكرېت ئەسەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاپتور ئەسلىي ئەسەردىكى ئىدىيەۋى مەزمۇن ۋە كۆز قاراشلارنىڭ توغرا بولۇشىغا، ئەسەردىكى تەپسىلات-ماتېرىياللارنىڭ چىنلىقىغا (ئەدەبىي ئەسەرلەردە بەدىئىي چىنلىققا ئۇيغۇن بولغان-بولمىغانلىقىغا) ۋە ئىلمىي، قايىل قىلارلىق بولۇشىغا مەسئۇل بولىدۇ. مۇھەررىر بولسا ئەسەرنىڭ سىياسىي ئىدىيەۋى ئۆتكۈرلۈكى بىلەن بەدىئىيلىك ئۆتكۈرلۈكىنى پۇختا ئىگىلەشكە مەسئۇل بولىدۇ. مۇھەررىر ئالدى بىلەن ئەسەردە دۆلەتنىڭ سىياسەت-پەرمانلىرىغا، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە، نەشرىياتچىلىق فاڭجېنى ۋە پرىنسىپلىرىغا خىلاپ يەرلەرنىڭ بار-يوقلۇقىغا قاراپ، كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى تۈزىتىدۇ. ئاندىن ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىككە يات[illegible]غان تەرەپلىرىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلايدۇ. دېمەكچىمىزكى، ئەسەردە مەسىلە كۆرۈلسە، ئاپتورنىڭمۇ، مۇھەررىرنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. لېكىن مەسئۇلىيەت ئوخشاش بولمايدۇ. شۇنى ئېنىق تونۇش كېرەككى، ئەسەردە مەسىلە كۆرۈلسە مەسئۇلىيەتنى ئايرىش ئوڭاي، ئەمما ئۇنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئوبرازىغا، خەلق مەنپەئەتىگە، نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ ئىناۋىتىگە كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. نەشر بۇيۇملىرى بىر خىل مەنىۋى مەھسۇلات. ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن خاتالىق پەيدا قىلىدىغان خەۋپ ماددىي مەھسۇلاتلاردا كۆرۈلگەن مەسىلىنىڭ خەۋپىدىن تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. مۇھەررىر ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەت ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت بولۇپ، ئۇ يۇقىرى سۈپەتلىك مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى يارىتىپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۆتكەلنى قاتتىق ئىگىلەش مۇھەررىرنىڭ بىرىنچى مەسئۇلىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، ئاپتور نۇرغۇن قان-تەرى بەدىلىگە ئەسەرنى يېزىپ چىقىدۇ. مۇھەررىرمۇ نۇرغۇن جاپالىق ئەجرى بەدىلىگە ئەسەرنى نەشرىيات تەلىپىگە، خەلقنىڭ مەنىۋى

ئېھتىياجى ۋە ئىستېتىك تەلپىگە لايىق بولغان، پۈتكۈل جەمئىيەت ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان يۇقىرى سۈپەتلىك مەنىۋى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرىدۇ. شۇڭا ھەر بىر پارچە نەشر بۇيۇمىنى ئاپتور بىلەن مۇھەررىرنىڭ ئورتاق ئەجرىنىڭ مەھسۇلى دېيىمىز.

دۇنيادا مۇكەممەل ئادەم ۋە مۇكەممەل نەرسە بولمىغىنىدەك، ئاپتور بىلەن مۇھەررىر ھەرقانچە ئىقتىدارلىق، بىلىملىك بولغان تەقدىردىمۇ ھەممىگە قابىل بولۇپ كېتىشى ناتايىن. مەزمۇنى ئىنتايىن ساغلام، ئىستېتىك ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى ئەسەرلەردىمۇ بەزى كەمتۈك جايلار، جايىدا ئىشلىتىلمىگەن سۆز-جۈملىلەر، ئىلمىي، توغرا بولمىغان ئۇقۇملار بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا كونكرېت ئەمەلىيەت جەريانىدا، ئاپتور ئۆزىنىڭ توغرا قارىشىدا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرگە، مۇھەررىرنىڭ ئەسەر ھەققىدىكى تۈزىتىش پىكرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئاڭلىشى، مۇھەررىرنىڭ رولىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. مۇھەررىرمۇ ئاپتورنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئەسلىي ئەسەرنى خالىغانچە ئۆزگەرتمەسلىكى، شۇنداقلا ئوقۇرمەنلەرگە، نەشر بۇيۇمىنىڭ سۈپىتىگە جاۋابكار بولۇش پوزىتسىيەسىدە تۇرۇپ، مۇكەممەل بولمىغان ئەسەرنى چوقۇم ئەستايىدىل پىششىقلاپ ئىشلىشى كېرەك.

لېكىن، مۇھەررىر پىششىقلاپ ئىشلىدىم دەپ ئەسلىي ئۆزىنىڭ ئەسىرىگە ئايلاندۇرۇۋالماسلىقى، ئەسلىي ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىغا، ئاپتورنىڭ ئۇسلۇبى ۋە تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكىگە ئىمكان بار سادىق بولغان ئاساستا پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئەسەرنى ھەر جەھەتتىن تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئەسلىدىكىدىن ناچار قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئەسەرنى ئىدىيەۋى مەزمۇن ياكى قۇرۇلما جەھەتتىن بىر قەدەر چوڭ ئۆزگەرتىش زۆرۈر بولۇپ قالسا، مۇھەررىر ئالدى بىلەن ئاپتورنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى، ئاپتورنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلغان ھالدا بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. پىرىنسىپ جەھەتتە، مۇھەررىر تۈزىتىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتورنىڭ تاماملىشىغا تاپشۇرىدۇ. ئاپتور كۆپ قېتىم تىرىشىپمۇ تەلەپكە يېتەلمىگەندە، مۇھەررىر ئاپتورنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ ۋاكالىتەن تۈزەتسە بولىدۇ.

قىسقىسى، ئاپتور بىلەن مۇھەررىر مۇكەممەل بىر پارچە ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن تاكى جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكىچە بولغان پۈتكۈل جەريانىدا ئورتاق ئەجىر سىڭدۈرگۈچى بىر جۈپ مېھنەتكەش. ئاۋامنىڭ ئومۇمىي ئېتىراپىغا ئېرىشكەن ھەر بىر نادىر ئەسەرگە ئاپتورنىڭ قان-تەرى بىلەن مەسئۇلىيەتچان مۇھەررىرنىڭ خالىس روھى سىڭگەن بولىدۇ. مۇھەررىر ھەر بىر پارچە ئەسەرنى خۇددى ئۆزىنىڭ مۈلكىدەك مەسئۇلىيەت ۋە مۇھەببەت بىلەن سىنچى كۆزلىرىدىن ئۆتكۈزىدۇ، يەتتە ئەزاسىنى رەتكە تۇرغۇزىدۇ، تاراپ جابدۇيدۇ. تۇنجى بولۇپ ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىدۇ، ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن ئاپتور بىلەن تەڭ سۆيۈنىدۇ. ئاپتور ئۆز ئەسىرىنىڭ شۆھرىتى كەلتۈرگەن شان-شەرەپتىن گۈل-چېچەككە كۆمۈلۈپ ئالقىشلانغاندا، مۇھەررىر يىراقتا تۇرۇپ يالغۇز چاۋاك چالىدۇ. دېمەك، ئاپتور بىلەن مۇھەررىر بىر پارچە ياخشى ئەسەرنىڭ روياپقا چىقىشىدا بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان مۇھىم ئىككى ئامىلدۇر.

(ئاپتور: «تارىم» ژۇرنىلى نەشرىياتىدا)


## ئوقۇرمەنلەر سەمىگە

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

تەھرىراتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق سانلىرىدىن 2008 - يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن Tel: (0991) 4554017

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇرلارنىڭ بىر-بىرىنى يوقلاش ئادەتلىرى ۋە پەرھىزلىك قاراشلىرى

شەرىپە ئابدۇغوپۇر

بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىسى كۆپ مەزمۇنلۇق ۋە كۆپ قاتلاملىق بولىدۇ. ئادەم تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ تاكى ئۆلگىچە بولغان ھاياتلىق سەپىرىدە مىللەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسى شۇ مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن ئەنئەنە كاتېگورىيەسى ئىچىدە ياشايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ بىر-بىرىنى يوقلاش، ھال-ئەھۋال سوراش ئادىتى ئۆزىنىڭ خاس مەزمۇنى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىناق-ئۆملۈكىنى يىلتىز تارتقۇزۇپ، ياخشى كۈنلەردە ئەمەس، بەلكى يامان كۈنلەردىمۇ بىر-بىرىنى قوللاش، بىر-بىرىگە يار-يۆلەكتە بولۇشتەك ئېسىل ئادەتنى يېتىلدۈرگەن، بۇ ئادەت ھازىر كېسەل يوقلاش، تۇغۇت يوقلاش، ھازىدارلاردىن ھال سوراش، ئىگە-چاقىسىز يېتىم-يېسىرلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇش قاتارلىق مەزمۇن ۋە شەكىللەرگە ئايرىلىپ داۋاملاشماقتا. بىراق كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىنى يوقلاش ئادەتلىرىنىڭ مەزمۇنى، شەكلى، يوقلاش ۋاقتى، ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە-يوسۇنلىرى، پەرھىز ئادەتلىرى بىر-بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ.

**1. كېسەل يوقلاش**

كېسەل يوقلاش ئادەتتە كېسەل بولغۇچىغا كۆيۈنۈش، كۆڭۈل بۆلۈش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۆرپ-ئادەت.

«سەھىھ ھەدىسلىرى»دە: «بىر مۆمىن بىمار ياتقان بۇرادىرىنى كۆرگىلى بارسا، بېسىپ ئۆتكەن يولىدا جەننەت باغلىرىدا يۈرگەندەك بولىدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ئارقىلىق كېسەل يوقلاشنىڭ ، بولۇپمۇ ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغان بىمارلارنى يوقلاشنىڭ تولىمۇ ئۇلۇغ، ساۋاپلىق ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، ئادەم ياشىغانىكەن ئۇ ھامان ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق كېسەل، ئاغرىقلاردىن خالىي بولالمايدۇ. بۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان تەبىئىيلىك.

كېسەللەرنى ۋاقتىدا داۋالىتىش، كېسەللەرنى قەرەلىدە مۇۋاپىق ئۇسۇلدا يوقلاشمۇ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئېسىل پەزىلەت، ئۇيغۇرلار كېسەل يوقلاشقا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. چۈنكى ئادەم كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندا ئىشىككە تەلمۈرۈپ قالىدۇ، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، قېرىنداشلىرىنى، يېقىن كىشىلىرىنى، دوست-بۇرادەرلىرىنى، كەسىپداشلىرىنى سېغىنىدۇ. ئۇلار بىلەن مۇڭداشقۇسى، ھال-مۇڭىنى تۆككۈسى كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ مېھرىبانلىق كۆرسىتىشىگە، روھىي تەسەللىسىگە موھتاج بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى يوقلاپ، ھال-ئەھۋالىنى سوراپ كېسەللىك ئازابىنى يەڭگىللىتىشكە ياردەم بېرىش ئۆز نۆۋىتىدە ئادەمگەرچىلىك بولۇپلا قالماي، ئىنسانىي بۇرچ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ كېسەل يوقلاش ئادەتلىرىدە ئۆزىگە خاس ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە-پرىنسىپ ۋە پەرھىز ئادەتلىرى مەۋجۇت. كېسەل يوقلاشتا ئالدى بىلەن ۋاقىتقا ئالاھىدە رىئايە قىلىدۇ، كېسەلنى ئاساسلىق ئەتىگەندە يوقلايدۇ، چۈشتىن كېيىن، بولۇپمۇ زاۋال ۋاقتىدا كېسەل يوقلاپ بېرىش ئېغىر ئېلىنىدۇ. شۇڭا بىزدە «ئەتىگەندە كېسەل يوقلىساڭ بىر كۈن پەرىشتىلەر ھەمراھ بولىدۇ» دېگەن ھېكمەت بار. كېسەل يوقلاشتا قۇرۇق قول بېرىش قائىدىسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، كېسەلگە شىپا بولىدىغان ھەم ئاسان ھەزىم بولىدىغان قۇۋۋەتلىك تائاملار، گۈل ۋە ھۆل مېۋە-چېۋە قاتارلىقلار بىلەن يوقلايدۇ. كېسەلنىڭ خاراكتېرىنى بىلمەي تۇرۇپ كېسەلگە ئىستېمال قىلىشتىن چەكلەنگەن يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ، كېسەلگە مۇپتىلا بولغان بىمار مەيلى ئۆيدە ياكى دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان بولسۇن، يوقلاپ كەلگۈچى بىمار يېنىدا ئۇزاق ئولتۇرمايدۇ، بولۇپمۇ ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، ياتاقتا يېتىپ قالغان بىمارنىڭ يېنىدا ئۇزاق ئولتۇرسا كېسەل شىپا تاپماي كېسىلى تېخىمۇ ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتىدۇ دەپ قارىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ، بىمارنىڭ دەم ئېلىش ۋاقتىغا تەسىر يەتكۈزسە بىمارنىڭ چارچاپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئېيتىلغان قاراش. كېسەل يوقلاپ بارغاندا كېسەلگە ئىچ ئاغرىتىپ ھەسرەتلىنىپ تولا قاراشقا، بىمارنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغان، بىمار ئۈمىدسىزلىنىدىغان گەپ-سۆزلەرنى قىلىشمۇ يامان ئېلىنىدۇ. شۇڭا كېسەل كىشىنىڭ يېنىدا نورماللىقنى ساقلاش، ھە دېگەندە كېسەلنىڭ چىرايىغا قاراپ ھەسرەتلەنمەسلىك، كۆپ گەپ قىلماسلىق، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزلىمەسلىك، ئەدەپ بىلەن «چىرايىڭىز خېلىلا ياخشى تۇرىدۇ، ئوڭشىلىپ قالغاندەك قىلىسىز، چوقۇم ساقىيىپ كېتىسىز...» دېگەندەك بىمارغا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلىدىغان سۆزلەرنى قىلىش كېرەك. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر بىرەر كېسەلنىڭ قېشىغا كىرسەڭلار ‹ئەھۋالىڭىز ئوبدانكەن، ياخشى بولۇپ قاپسىز› دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تەسەللى بېرىڭلار، بۇنداق تەسەللى كېسەلنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىدۇ» دېگەن. بۇ ھەقتە سوقرات ھەكىم بولسا: «بىمارنى دورا بىلەن ئەمەس، بەلكى سۆز بىلەن داۋالاش ياخشىدۇر» دېگەن. شۇڭا كېسەل يوقلاپ بارغاندا بىمارنىڭ كۆز ئالدىدا ھەرگىزمۇ «چىرايىڭىز سارغىيىپ كېتىپتۇ، كۆزىڭىز ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ، بەكلا جۇدەپ كېتىپسىز» دېگەندەك بىمارنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ يېرىم قىلىدىغان گەپلەرنى قىلماسلىق، بىمارنىڭ قېشىدا كۆپ ئولتۇرماسلىق، ئەگەر بىمار ئولتۇرۇشنى ئۆتۈنسە، قىزىق گەپلەر بىلەن بىمارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشىش كېرەك، بىمارنىڭ يېنىدا ئۇزاق ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزى بىمارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئەمەس، ئەكسىچە بىمارنى زېرىكتۈرۈش، چارچىتىش بولۇپ بىزدە قائىدىسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

ھېكايەت: بۇرۇن بىر كىشى تامدىن يىقىلىپ چۈشۈپ پۇتى زەخىملىنىپتۇ. ئۇنىڭدىن ھال سوراپ، يوقلاپ كىرگەن كىشىلەر ئەزمىلىك قىلىپ ئۇزاق ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ كىشى بىزار بولغانلىقتىن بىر پارچە قەغەزگە مۇنداق سۆزلەرنى يېزىپ ئۇلارغا كۆرسىتىپتۇ، «ئەزمە كىشىلەرنىڭ سۆھبىتى جانغا ئازابتۇر، كېسەل ھالىنى سورىغىلى كەلگەن كىشىلەر ئەزمىلىك قىلماي تېز چىقىپ كېتىپ، كېسەلگە تىنچلىق بەرگىنى تۈزۈك».

ساغلاملىق — ئەڭ زور بايلىق، ئادەم ساغلام بولسىلا ئۇنىڭدا ئۈمىد بولىدۇ، پەقەت ئۈمىدلا ھەممىنى روياپقا چىقىرىدۇ.

ھېكايەت: بۇرۇن بىر يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئوت كېتىپ، ئۆيىدىكىلىرىنىڭ ھەممىسى قازا قىپتۇ. قاتتىق ئازابلانغان يىگىت كەمىرىنى يېشىپ دەرەخكە باغلاپتۇ-دە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالماقچى بوپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر مويسىپىت كېلىپ

www.uyghurkitap.com



ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ.

مويسىپىت ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— نىمە ۋەجىدىن ئۆلۈۋالماقچى بولدۇڭ؟

يىگىت دەپتۇ: — مەن ھەممە نەرسەمدىن ئايرىلدىم.

مويسىپىت ئۇنىڭ بىجىرىم ۋۇجۇدىغا بىر قاراپ شۇنداق دەپتۇ: — قارىسام تۇرغان تۇرقۇڭنىڭ ئۆزى بىر گۆھەر ئىكەن.

يىگىت ئاچچىق كۈلۈپتۇ: — يېنىمدا بىر سىنتمۇ بولمىسا، نەرىممۇ گۆھەر بولسۇن؟ مويسىپىت ئۇنىڭ بېشىنى كۆرسىتىپتۇ: — ساڭا 100 مىڭ سەر ئالتۇن بەرسەم، مېڭەڭنىڭ يېرىمىنى ماڭا بېرەمسەن؟

ياش پولەك باش چايقاپتۇ.

— ئەگەر بىر كۆزۈڭنى ئويۇپ بەرسەڭ مەن ساڭا بىر خالتا ئالتۇن بېرەي قانداق؟

يىگىت يەنە باش چايقاپتۇ.

— ئۇنداق بولسا ئىككى قولۇڭنى كېسىپ بەرگىن، مەن ساڭا مىليون سەر ئالتۇن بېرىمەن.

— ياق، ياق! نېمىلا بولمىسۇن بۇ ئىككى قولۇمدىن ئايرىلىپ قالسام بولمايدۇ-دە! — دەپتۇ يىگىت قەتئىيلىك بىلەن.

— ھەببەللى! ئادەمدە ئەقىللىق كاللا بولسىلا، ئەقلنى پۇلغا ئايلاندۇرالايدۇ، روشەن ئىككى كۆز بولسىلا بېيىشنىڭ ئەلمى-تەلمىنى ئۆگىنىۋالالايدۇ؛ ئەمگەكچان ئىككى قولى بولسىلا، يوق يەردىن ئىگىلىك تىكلىيەلەيدۇ. مانا كۆرگەنسەن؟ تۇرغان-پۈتكىنىڭ ھەممىسى ئالتۇنغا بەرگۈسىز قىممەتلىك بايلىق تۇرسا، يەنە يېنىمدا بىر سىنت يوق دەيسەنا! — مويسىپىت قاقاقلاپ كۈلگىنىچە كېتىپ قاپتۇ.

مويسىپىتنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ قالغان ياش ئۆز-ئۆزىگە دەپتۇ: — دۇرۇس، بەش ئەزايىم ساق، تېنىم بىجىرىم تۇرسا، يەنە ھېچنېمەم يوق دەپتىمەنا! شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىشلەمچىلىك قىپتۇ. ئاخىر بىر قانچە يىل تىرىشىپ ئىشلەپ كاتتا بايغا ئايلىنىپتۇ. بىزدە «ساقلىقىم پادىشاھلىقىم»، «ساغلام تەندە ساپ ئەقىل» دېگەن ماقال بار. شۇڭا ساغلام بەدەن، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش ئۈچۈن يېمەك-ئىچمەككە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. بىزدە يەنە: «كېسەل ئېغىزدىن كىرىدۇ» دېگەن قاراش بار. بۇ ھەقتە مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدا يېمەك-ئىچمەك مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىپ شۇنداق يازغان:

كېسەل گالدىن كىرۇر، ئۇنى چىلىڭ كۆزەت،
يېگىن ئاشنى تەڭشەپ، ئاز-ئاز يە پەقەت.
ئېغىزدىن كىرۇر ئاش بىلەن بۇ كېسەل،
قىرىتۇر كىشىنى يېشىدىن ئاۋۋال.
گېلىڭنى يىغىپ سەن، دائىم ئېسەن يۈر،
قىلۇر يۈزنى سۇلغۇن كېسەل ھەر مەھەل.
تىلىسەڭ كېسەلسىز ئۆمۈر، ئەي تېكىن،
ئېتى «ئاز يە» دېگەن دورىنى يېگىن.

شۇڭا ئۇيغۇرلاردا غىزانى كۆپ يېيىش يامان ئىش دەپ قارىلىدۇ، چۈنكى كۆپ يېيىش ۋە كۆپ ئىچىش — كېسەللىكنىڭ، ھۇرۇنلۇقنىڭ، ئاڭقاۋلىقنىڭ سەۋەبكاردۇر. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىدا ئېيتقاندەك كېسەل يوقلاش ئادەتلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش بىلەن بىرگە، ئىلمىي ئوزۇقلىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ ساغلاملىقىمىزغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك.

2. تۇغۇت يوقلاش

ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدا: «نىكاھنىڭ ئەھمىيىتى پەرزەنتلىك بولۇشتا» دېگەن. چۈنكى يېڭى بىر ھاياتلىقنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشى كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، شۇ مىللەتنىڭ داۋامى ۋە ئۈمىدى بولسا، تار مەنىدىن ئېيتقاندا شۇ ئائىلىنىڭ خۇشاللىقى ۋە بەختى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا بىر بوۋاق بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن كېيىن تۇغۇتلۇق ئانىنى ئايرىم بىر ئۆيدە باقىدىغان، 40 كۈنگىچە ئىشىك بېشىغا قىزىل لاتا ئېسىپ قويىدىغان ھەم 40 كۈنگىچە بۇ ئۆينىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەيدىغان، 40 كۈن توشقاندا بالىنىڭ 40 سۈيىنى قۇيىدىغان ئادەت بار. چۈنكى ئۇيغۇرلار 40 سانىنى مۇقەددەس سان دەپ ئالاھىدە ئۇلۇغلايدۇ. بىراق ئۇيغۇرلاردىكى بۇ مۇقەددەس سان «40» چۈشەنچىسى بىرەر دىنىي ئېتىقاد بىلەن باغلانمايدۇ. ئۇ پەقەت تۈركىي خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت كاتېگورىيەسىگە تەئەللۇقتۇر. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە»دە: «40 كۈندىن كېيىن چوڭ بولدى، ماڭدى، ئوينىدى»، «ئۇلار كېلىپ قاتناشتى، 40 شىرە، 40 بەندىڭ ياسايتى»، «40 كۈندىن كېيىن، مۇزتاغ دېگەن تاغنىڭ باغرىغا يېتىپ باردى»، «...(ئۇلۇغ تەرەپكە) 40 غۇلاچلىق

ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى»، «40 كېچە-كۈندۈز توي قىلدى» دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلار بار. بۇنىڭدىن «40» سانىنى خاسىيەتلىك سان سۈپىتىدە تىلغا ئېلىش ئىسلامىيەتتىن خېلىلا بۇرۇن بولغان ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. «40» سانى «ئەڭ كۆپ»، «چەكسىز» ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سان خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، تۇرمۇشىمىزغا چوڭقۇر سىڭىپ، يۇقىرىقىدەك ئۆرپ-ئادەت قاراشلىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

بالىنىڭ تۇغۇلغان خۇش خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنىلار، دوستلار بۇ يېڭى مېھماننى مۇبارەكلەش يۈزىسىدىن تۇغۇتلۇق ئانىنى يوقلايدۇ، بىراق تۇغۇت يوقلاشتا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە-يوسۇنلار ۋە پەرھىزلىك ئادەتلەر مەۋجۇت. ئادەتتە تۇغۇت يوقلىغاندا بىۋاسىتە تۇغقانلاردىن باشقىسى تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ ئون ئىككى ئىدەسى ياكى ئون ئالتە ئىدەسى چىققاندىن كېيىن يوقلاشقا بولىدۇ. يوقلاپ كەلگۈچىلەرنى ئالدى بىلەن باشقا ئۆيگە باشلاپ، ھاردۇقىنى چىقارغاندىن كېيىن ئاندىن تۇغۇتلۇق ئانا بار ئۆيگە باشلايدۇ، بۇ ئادەت قاراشلار بىر تەرەپتىن، ئانىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى مەقسەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەڭ مۇھىمى بوۋاقنىڭ تېنى تېخى ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر سىرتتىن ئېلىپ كىرگەن ھەر خىل مىكروبلار بىلەن يۇقۇملىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان. مەيلى ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-ئاغىنىلەر بولسۇن سىرتتىن كىرگەندە، بولۇپمۇ سەپەر ئۈستىدىن كەلگەندە شۇ ئۆيدىكى كىچىك بالىنى ئالدىراپ قولىغا ئېلىشقا بولمايدۇ. بالا ئالدىراپ قولغا ئېلىنسا «يول ئىسسىقى ئۆتۈپ ئۈچۈنۈپ قالىدۇ، يىغلاڭغۇ بولۇپ قالىدۇ» دەپ يامان ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۇغۇت يوقلاپ كەلگۈچىلەر يېڭى تۇغۇتلۇق ئۆيگە يەنە ئۆلۈم خەۋىرىنى ئېلىپ كىرىشكە بولمايدۇ، ئەگەر ئۆلۈم خەۋىرى يېتىپ قالسا بوۋاق چىللە بولۇپ قالىدۇ ياكى شۇ ئايال قايتا تۇغماس بولۇپ قالىدۇ دەپ قاراپ، شۇ ئۆلۈم بولغان ئۆيدىن مېيىتنى يۇغان سۇدىن ئېلىپ كېلىپ بوۋاقنى يۇيىدىغان ئادەت بار. يوقلاپ كەلگۈچىلەر بوۋاقنى قولغا ئېلىپ ئۇنى سۆيۈش، كۆپ قاراش، كۆپ سۆزلەش ئادەتلىرى يامان ئېلىنىدۇ، چۈنكى بوۋاققا كۆپ قاراپ سۆزلىسە يامان كۆز تېگىپ بالا ئۈچۈنۈپ قالىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان كۆزگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۇنىڭغا دائىر سىرلىق قاراشلارنى ۋە بىر قاتار ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن، يەنى كىشىلەر زوقمەنلىك بىلەن ياكى ھەسەت تۇيغۇسى بىلەن ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەم، نەرسە ياكى ئىشقا قارىسا، كۆزىدىكى سىرلىق كۈچ سەۋەبىدىن شۇ ئادەم، نەرسە ياكى ئىشقا تۈرلۈك كېلىشمەسلىك كېلىدۇ دەپ قارىغان. بۇنى ئۇيغۇرلار «كۆز تېگىش» دەپ ئاتايدۇ. تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە مۇنداق بىر سۆزنى خاتىرىلەپ قالدۇرغان: «ئەلقتى: چۈشكۈنلەشتى، بۇزۇلدى، ئەر ئەلقتى — ئادەم چۈشكۈنلەشتى، باش ئەلقتى — يارا شەلۋەرەپ كەتتى». ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ناپاك ئادەملەرنىڭ كۆزىنى ياكى مۇقەددەس ئادەملەرنىڭ كۆزىنى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ سېھرىي قۇۋۋەتكە ئىگە دەپ قارىغان. شۇڭا ئۇيغۇرلار مۇشۇنداق كىشىلەرگە يېقىنلىشىش، ئۇلارغا ياخشى نەرسىلىرىنى، چىرايلىق بالىلىرىنى، ئەتىۋارلىق ھايۋانلىرىنى، باغلىرىنى، زىرائەتلىرىنى كۆرسىتىشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار بوۋاق بالىغا تىكىلىپ قارىسا، بالىغا كۆز تېگىپ، بالىنىڭ قورسىقى مۇجۇپ ئاغرىيدۇ دەپ قارايدۇ. تۇغۇت يوقلاپ كەلگۈچى تۇغۇتلۇق ئۆيگە قۇرۇق قول كىرىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. چۈنكى مۇشۇنداق قىلسا بالا قۇرۇق ئېغىز بولۇپ، رىزقىلىق بولماي قالىدۇ ھەم تۇغۇتلۇق ئايال ئۇمۇنۇپ قالسا كۆكسى ئىششىپ بالىغا سۈت چىقماي قالىدۇ دەپ قارىلىدۇ، يەنە تۇغۇتلۇق ئايال بار خانىگە ئۈچ كۈندىن يەتتە كۈنگىچە ئاق ئۇن ۋە خام گۆش ئېلىپ كىرىپ يوقلاش ۋە شۇ ئۆيدە خېمىر يۇغۇرۇپ تاماق ئېتىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. چۈنكى خەلقنىڭ ئىشەنچىسىدە، ئەگەر ئاق ئۇن ئېلىپ كىرسە بالا ئاق كېسەلگە، گۆش ئېلىپ كىرسە بالا تېرىسى گۆش رەڭگىدە بولۇپ قالىدىغان كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ دەپ قارايدۇ، يوقلاش بۇيۇملىرى ئاساسلىق ئانىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە پايدىلىق بولغان قۇۋۋەت يېمەكلىكلىرى بىلەن بالىغا يۆگەك ۋە كىيىم-كېچەك قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى ئاساس قىلىدۇ. ئومۇمەن بىزنىڭ يوقلاش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن سوۋغىلىرىمىز بىر تەرەپتىن ئانىنىڭ سالامەت بوشانغانلىق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



نى تەبرىكلەش ئۈچۈن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقان بىر جاننى قۇتلۇقلىغانلىقىمىز بولىدۇ.

### 3. ئىگە ـ چاقىسىز يېتىم ـ يېسىرلارنى يوقلاش

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ تا بۈگۈنگە قەدەر ئۆزىدىن ئاجىز، يېتىم ـ يېسىرلەرگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن زور قېيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغانلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ھاياتقا گۈزەللىك، مىسكىنلەرگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلىپ كېلىۋاتقان ئىنسانپەرۋەر، رەھىمدىل مىللەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ ـ بىلىگ» داستانىدا:

1640. قىرىماس ياخشىلىق، قالۇر شۇ پۈتى،
ئۇزۇندۇر ئۆمرى بەك، بۇزۇلماس ئۈتى.

دەپ يېزىش ئارقىلىق كىشىلەرنى بىر ـ بىرىگە ياخشىلىق قىلىشقا، ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە دالالەت قىلغان. بۇ ھەقتە رىزائۇددىن ئىبىن فەخرۇددىن بولسا: «دۇنيادا راھەتلىك ياشاشنى ئويلايدىغان ئادەملەر ئېزگۈ نىيەتلىك ۋە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغۇچىلاردۇر. ياخشى نىيەتلىك ۋە كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ قەلبى قايغۇدىن خالىيدۇر. ئۇلار دائىم راھەتتە ياشاپ دۇنيا كۆرىدۇ. كىشىگە سۆيۈملۈك بولۇشنى ھەركىم ئارزۇ قىلىدۇ، بۇنىڭدىن كېلىدىغان لەززەتنى ھەركىم ھېس قىلىدۇ، لېكىن سۆيۈملۈك بولۇش ئۈچۈن بىرلا يول بار، ئۇ بولسىمۇ باشقىلارغا ياردەم قىلىشتۇر، ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى ھەركىم سۆيەر ۋە ئۇلارغا مۇھەببەت بىلەن قارار» دېگەن.

بولۇپمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيت مەزگىلىدە ھەر بىر ئائىلە جان سانى ۋە كىرىمگە قاراپ زاكات ئايرىپ، مەسچىتكە بېرىدۇ شۇ ئارقىلىق ئائىلىسىدە زور قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان ئىگە ـ چاقىسىزلارنى يۆلەيدۇ ياكى بىۋاستە ئۆزلىرى شۇ موھتاجلىقتا مۇپتىلا بولغانلارغا بېرىپ، ئۇلارغا ئىللىقلىق ئاتا قىلىدۇ. زاكات ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مەنىسى «پاكلاشتۇرۇش» دېگەنلىك. ئۇنىڭ دىنىي جەھەتتىكى مەنىسى مۈلۈكدارلار ئاللا ئىلتىپات قىلغان مال ـ مۈلكىنىڭ بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ يوقسۇللارنى ئۇنىڭدىن بەھرىمەن قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىنى پاكلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئىگىلەش ۋە ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتىگە ئىگە بولالايدۇ دېگەندىن ئىبارەت.

زاكات ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرھىزنىڭ بىرى بولغاچقا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئادا قىلىش شەرتى بولغان دىنىي مەجبۇرىيىتى. ئادەتتىكى سەدىقە بولسا ئۆز ۋىجدانىغا ئاساسەن بېرىدىغان ساۋابلىق ئىش. زاكات ياكى سەدىقە بېرىشتە بولسۇن، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇدرىتى يەتكەن دائىرىدە پېقىرلەر ۋە بەختسىزلەرگە ياردەم بېرىشنىڭ قېرىنداشلىق ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ.

بىر پادىشاھ ئىسكەندەردىن:

— پادىشاھلىق لەززىتىنى نېمىدىن كۆردۈڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇنى ئۈچ ئىشتىن كۆردۈم،— دەپتۇ ئىسكەندەر.

— بىرى دۈشمەنلەرنى بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويغاندا؛ ئىككىنچىسى، دوستلارغا ياردەم بەرگەندە؛ ئۈچىنچىدىن موھتاجلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغاندا. چۈنكى بۇنىڭدىن ئارتۇق لەززەتنىڭ ئېتىبارى يوقتۇر، — دەپتۇ. شۇڭا ئۆزىمىزدىن ئاجىزلارغا ياردەم بېرىش ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزگە زور خۇشاللىق ۋە روھىي يورۇقلۇق ئېلىپ كېلىدۇ.

بىزنىڭ يوقلاش ئادەتلىرىمىزدە يۇقىرىقى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئادەتلەردىن باشقا يەنە ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلارنى يوقلاش، ھازىدارلارنى يوقلاش... قاتارلىق كۆپلىگەن يوقلاش ئادەتلىرىمىز بار.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بۈگۈنكى ئۆزگىرىشچان ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزنى مۇناسىپ ئورۇن ۋە ھۆرمەتكە ئىگە قىلىش، ئۇنى تەرك ئەتمەي داۋام ئەتكۈزۈش ۋە ئەۋلادلىرىمىزغا قالدۇرۇش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىمىزدۇر.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانى.
2. ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «ئەدەپ ـ ئەخلاقتىن تەۋسىيەلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل نەشرى.
3. ئىمىل ئېكبىرت: «ھېكمەتلىك ھايات»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 ـ يىل نەشرى.
4. ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008 ـ يىل نەشرى.

(ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى)



# بىر ھامىلىنىڭ يۈرەك سۆزى

ئەخمەت كېبىر

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قەدىرلىك بولغۇسى ئاتا-ئانا، چوڭ دادا، چوڭ ئاپا، ياخشى تۇرۇۋاتامسىلەر؟ ئالدى بىلەن ھەممىڭلارنىڭ قۇربان ھېيتىغا مۇبارەك بولسۇن!

مېنىڭ كىشىلىك ھاياتىم تېخى باشلانماي تۇرۇپلا سىلەرگە بۇ خەتنى يېزىشىمدىكى مەقسەت: مېنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ قاتارغا قوشۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىپ بەزى ئىشلارنى ئالدىنئالا بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈندۇر. مەن دۇنياغا كۆز ئېچىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن، ئىشىنىمەنكى مېنىڭ تۇغۇلۇشۇم سىلەر ئۈچۈنمۇ، مەن ئۈچۈنمۇ ئالەمچە خۇشاللىنارلىق ئىش، ئەمما مەن دۇنياغا تۆرۈلۈپ ئىنسانلار توپىغا قوشۇلۇشتىن تولىمۇ ئەنسىرەيمەن. ئالتۇندەك پۇرسەتكە، شۇنداقلا ھېسابسىز بېسىم ۋە خەرىسقا تولغان مۇشۇنداق بىر دەۋردە تۇغۇلىدىغانلىقىمنى ئويلىسام، تېنىم شۈركىنىپ بويۇم تىكەنلىشىپ كېتىدۇ. مېھرىبان ئاپامنىڭ كەڭ-كۇشادە، ئەركىن-ئازادە، ئىللىق باغرىدا ئەبەدىلئەبەد قېلىپ، چىپپىدە يۇرسەم دەپ ئويلاپ كېتىمەن. ئەمما بۇ ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. شۇڭا سىلەرگە سەممىيلىك بىلەن ئۆتۈنۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ.

مۆھتەرەم ئاتا، سىزدىن كۈتىدىغىنىم سىز ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزدە، ئۆزىڭىز تەۋە بولغان ماكان ۋە زامان تەقەززاسى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ ئېڭىغا تويۇنغان تەپەككۇر ئەندىزىسى بولسىكەن دەيمەن. چۈنكى، ئاقىلانە تەپەككۇرلا ھەر بىر ئىنسانغا ياشاش مەقستىنى مۇپەسسەل ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرەلەيدۇ.

ئاتا، سىز ئائىلىمىزنىڭ غەمگۇزارىسىز، سىزنىڭ مېھرىڭىز شۇنداق ھارارەتلىك بولسۇنكى، ئۇ ئاتىغا خاس تەلەپ، جاسارەت، ھىممەت بىلەن يۇغۇرۇلسۇن. ئۇ كۆز يېشىنى ئېقىتىپ گىرىمسەن يېنىپ تۇرغان ئاجىز شام نۇرى بىلەن ئەمەس، گۈرۈلدەپ كۆيگىنىچە نۇر ۋە ئىسسىقلىق ئاتا قىلىۋاتقان يورۇق مەشئەل بىلەن تەققاسلانغاي! سىز ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ كىچىك ۋەتىنى بولغان ئائىلىڭىزنىڭ ئاتىسى. شۇڭا سىز ئاشۇ سالاھىيەت ۋە سالاپەت بىلەن ئائىلىدىكى ئورنىڭىز، مەجبۇرىيەتلىرىڭىزنى تېخىمۇ تولۇق تونۇپ يەتكەيسىز. چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەت، تىرىشچانلىق، سەممىيەت، سادىقلىق، كۆيۈنۈشلىرىڭىز بىلەن بىزگە ھىمات بولغايسىز. ئەمەلىيەتتە سىزمۇ كۆپ تىرىشىۋاتىسىز، ئائىلىنى قامداش ئۈچۈن ئەتىگەندە تورغاي چۇچۇلماستا ئىشىڭىزغا چىقىپ كەتىسىز، كەچتە ئەلياتقۇ بولغاندا ئاران قايتىپ كېلەلەيسىز. بۇنداق چاغدا سىزنىڭ پۇتىڭىزغا پۇت، قولىڭىزغا قول بولغۇم كېلىدۇ. بىز سىزدەك ئاتىمىز بولغانلىقىدىن سۆيۈنىمىز، پەخىرلىنىمىز، ئىپتىخارلىنىمىز. لېكىن بىز، بولۇپمۇ يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىش ئالدىدا تۇرغان مەن سىزنىڭ تېخىمۇ كۆيۈنۈشىڭىزگە، پەرۋىشىڭىزگە موھتاج. سىز ئايىغى چىقماس بەزمە-باراۋەتنىڭ قۇلىغا، ئاللىقانداق خانىلارنىڭ ئەرزىمەس خېرىدارىغا ئايلىنىپ كەتمەي، ئىمكان بار بالدۇرراق ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، بىزگە كۆپرەك ھەمراھ بولغايسىز. بىزنىڭ ھەر ۋاقىت سىزنىڭ يولىڭىزغا تەلمۈرۈپ تۇرىدىغانلىقىمىزنى ئۇنتۇمىغايسىز.



گاھىدا سىز تۈن تەڭ بىلەن ئۆيگە كىلىپ ئاپامغا بەھۇدە كايىپ كەتكەنلىرىڭىزدە، ھەددەمنى سىلكىشلىگەنلىرىڭىزدە بەكمۇ قورقۇپ كېتىدىكەنمەن. ئاپامنىڭ قورسىقىدا كىرپەدەك تۈگۈلۈپ ھېقىقداپ سالىمەن. ئېسىڭىزدە بارمەكىن؟! بىر قېتىم بازغاندەك مۇشتىڭىز تاس قالغان ماڭمۇ تېگىپ كەتكىلى، ئىگەم بىر ساقلىدى، بولمىسىزە سىز ئوغلىڭىزنىڭ قاتىلىغا ئايلىنىپ ئۆمۈرلۈك داغ ـ ھەسرەتتە قالاتتىڭىز. ئەمما مەن ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتتىم، چۈنكى سىز زەردىلىك، ئاچچىقچان بولغان بىلەن دىلىڭىز پاختەدەك يۇمشاق ئەمەسمۇ؟

قەدىرلىك ئاتا، سىزدىن ئۆتۈنەي، مېنىڭ يېنىمدا تاماكا چەكمىسىڭىز، «شەيتان سۈيى» دېگەن ھېلىقى بىر نېمىنى ئىچمىسىڭىز كەن. شۇنداق چاغدا ئاچچىق ئىس ھەم بەتبۇي پۇراقتىن تىنالماي تۈرەلگىنىمگە مېنىڭ پۇشايمان قىلىپ كېتىمەن. ئۆزىڭىزنى زەھەرلەۋېرىپ، ھەددەم قاتارغا قوشۇلغۇچە، مەن تۇغۇلۇپ ئاق ـ قارنى پەرق ئەتكۈچە، ئائىلىڭىزنىڭ بارلىقىنى ۋە باشقا ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىڭىزنى ئۇنتۇپ، نوپۇسىڭىزنى يەنە بىر دۇنياغا كۆچۈرۈپ كەتسىڭىز، بىز يېتىملىك كوچىسىدا سەرسان بولساق... ياق، ياق،... ئۇ كۈنلەر بىزگە ھارام بولغاي...

مېھرى دەريا، قەلبى ئاتەش، كۆيۈمچان ئاپا، سىزنىڭ مېھرىڭىزنى نېمىگە ئوخشىتاي، قۇياشقا، ياق! قۇياشنىڭمۇ چەتنەيدىغان، كۆز تېگىپ كۆيىدىغان ۋاقتى بولىدۇ، چولپان يۇلتۇزغا... ياق، ئۇمۇ بولمىغۇدەك، چولپان يۇلتۇز گاھىدا بەترەڭ بۇلۇت كەينىگە مۆكۈۋېلىپ، بىزنى ساراسىمىگە سالىدۇ. قىسقىسى، سىز ئۆزىڭىزگىلا ئوخشايسىز، ئۇنىڭدىن ئۆتە تەرىپلىگۈدەك ئوخشالغۇچىڭىزنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

مەن سىزنىڭ شاد ـ خۇراملىقىڭىز ۋە دەرد ـ ھەسرەتلىرىڭىزنىڭ بىۋاستە شاھىدى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەممىنى كۆرۈپ ئاڭلاپ تۇرىمەن. سىز مېنى قورسىقىڭىزدا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، كىر ـ قات يۇيغانلىرىڭىزدا، تاماق ئەتكەنلىرىڭىزدە، يېرتىلغان ئاياغ ـ پۇچاقلىرىمىزنى ياماشقا تۇتۇنغانلىرىڭىزدا، مەن ئۇچۇن ئىشتانپايپاق تىككەنلىرىڭىزدە، تونۇر بېشىدا قولىڭىزنى كۆسەي، مەڭىزىڭىزنى گەزنە قىلىپ نان ياققانلىرىڭىزدا، قاق سەھەردە ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، «سۈپۈرۈلمىگەن، سۇ سېپىلمىگەن مەينەت يەرگە دەسسەپ سالسا رىزقى كېسىلىپ كېتىدۇ» دېگەن ئۇدۇم بىلەن ھويلا ـ ئارامنى چىننىدەك تازىلىۋەتكەنلىرىڭىزدە ئاستاغىنا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، تالجىققان پۇت ـ قوللىرىڭىزنى ماموقتەك يۇمشاق قوللىرىم بىلەن سىلاپ قويغۇم، زىڭىلداپ ئاغرىپ تۇرغان بېشىڭىزنى تۇتۇپ قويغۇم، تەر پۇرقىراپ تۇرغان چېھرىڭىزگە يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيۈپ قويغۇم، ئەڭ مۇھىمى سىزگە ياردەملىشىپ ئاشۇ ئايىغى چىقماس ئۆي ئىشىغا ھە ـ ھۇ دېيىشكۈم كېلىدۇ، ئەمما سىز كۆيۈمچانلىقنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىپ، مەن تۇغۇل، سىزگە قول ـ قانات بولۇپ ئىشقا ياراپ قالغان ھەددەمنىمۇ ئۆي ئىشىغا يېقىن يولاتمايسىز. بۇنداق قىلسىڭىز بولمايتتى، ئاپا! نېمىشقا دەمسىز؟ ھەددەم بەربىر بىر كۈنى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ، ئۇنىڭ قولىنى يۇيۇپيۇمىلاق چوڭ قىلىپ قويسىڭىز، ئۇ كېيىنچە كىشىلەر ئىشىكىدە ئاھانەتكە قالسا بىز قانداقمۇ چىدايمىز؟ جېنىم ئاپا، بىزگە ئىشىنىڭ. ھەددەم بولسۇن، مەن بولاي، قىلالىغۇدەك ئىشنى ئۆزىمىز قىلايلى، سىز بىزنىڭ چېنىقىش، پىششىپ يېتىلىش پۇرسىتىمىزنى، ھوقۇقىمىزنى تارتىۋالماڭ، كۆيۈنۈش لايىقىدا بولسۇن. يۆگۆرسەك، يەقىلىپ كەتسەك تۇتۇۋالماڭ، تاسادىپىي يىقىلىپ كەتسەكمۇ يۆلەپ يۈرمەڭ. بولمىسا ئۆزىمىزنى بىر ئۆمۈر سىزگە يۆلىتىمىز تازا!!... كۆيۈنۈشنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتسىڭىز بىز لايغەزەل بولۇپ قالىمىز. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ھۆپۈپ بالىسىغا زىيادە كۆيۈنۈپ كېتىپ يۇمشاق پاختا، پەي بىلەن ئەسكى تاملىقتا، پاكار ـ پاكار پور سۆگەتلەرنىڭ كامىرىغا ئۇۋا راسلاپ بېرىدۇ، ھۆپۈپ بالىسى تۇخۇمدىن چىقىپلا يۇمشاق، ئىسسىق ئۇۋىدا ئاپىسىنىڭ ئەكىلىپ بەرگەن يېمىكىگە تەلمۈرۈپ چوڭ بولىدۇ، ئۆمرى «ھۆپۈيۈپ... ھۆپۈيۈپ، ھۆپۈيۈپ...» دېيىش بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۈركۈتچۇ؟... ئادەم ئاياغ باسالمايدىغان تىك قىيا باغرىغا قاتتىق ياغاچ، تاش ـ شېغىل، شوخا ـ چاتقال بىلەن ئۇۋا راسلاپ بېرىدۇ، بۈركۈت چۈجىسى تۇخۇمدىن چىققاندا، يوكىنىغا تىرەلگىنى يۇمشاق نەرسە ئەمەس، كەسكىن رىقابەتنىڭ دەسلەپكى شەپىسى بولغان قاتتىقلىق بولىدۇ. بۈركۈتنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، چۈجىسىنىڭ قانات ـ پەيلىرى قاتماستىنلا ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ ياشاش

تەجرىبىسى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئۇچۇش، ئۇۋ ئۇۋلاش مەشىقنى باشلىۋېتىدۇ. نەتىجىدە بۈركۈت بۈركۈتچە ھوشيارلىق، بۈركۈتچە سەزگۈ، بۈركۈتچە جەسۇرلۇق بىلەن ياشاش روھىنى يېتىلدۈرىدۇ. مېنىڭ ئارزۇيۇم شۇكى، مېنىڭ ھەرگىز ھۇرۇن ھۆپۈپ بولغۇم يوق.

مېھرىبان ئاپا، سىز بىزگىمۇ كۆيۈنۈڭ ھەم ئۆزىڭىزگە كۆيۈنۈشنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭ؛ باشقا ئانىلار بىلەن بەسلىشىڭ، لېكىن زىبۇزىننەتتە، ۋاقىت ئىسراپ قىلىشتا، قۇرۇق شۆھرەت، بىمەنىلىكتە، ئاتىلارغا كوتۇلداشتا ئەمەس، تىرىشچان-ئىقتىسادچانلىقتا، شەرم-ھايا، گۈزەل پەزىلەتتە، پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيەلەشتە بەسلەشكەيسىز...

قەدىردان چوڭ دادا، كۆيۈمچان چوڭ ئاپا، سىلەردىن ئۆتۈنىدىغىنىم، ياشىنىپ قالغان چېغىڭلاردا بىزنى بېقىش ۋەزىپىسىنى ئەڭ ياخشىسى پەرزەنتىڭلارغا ئۆتۈنۈپ بەرگەيسىلەر. بىز سىلەرنى پات-پات يوقلاپ بارغاندا، بىزگە ئۇنتۇلۇپ كېتىشكە باشلىغان چۆچەكلەرنى، يەنى ياغاچ ئات، تۆمۈر بېلىق، ئۇچار گىلەمنىڭ ھېكايىسىنى، چىن تۆمۈر باتۇر، مەختۇمسۇلا، تۇمارىس، نۇزۇگۇمنىڭ قىسسەلىرىنى، يىلتىزىمىزنى، يەتتە ئەۋلاد ئۇلۇغ بوۋىلىرىمىزنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى؛ ئۇنىڭدىن باشقا ئاپپاق خوجا، ئەخمەت مەزىن، شاپتۇل دامولla، ھېكىم نۇر، روزى موللىنىڭ ئىبرەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىڭلار. بىز شۇنىڭدىن ئۆزىمىزنى تونۇۋالايلى، ھېكمەت دۇنياسىغا چۆكەيلى، ئىنساننىي كامىللىقنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەيلى، بىز سىلەرنىڭ ئەللەي ناخشىڭلارغىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھەمى ياشاش تەجرىبىسى بىلەن تويۇنغان ئەڭ سەممىي نەسىھەتڭلارغا تەشنا...

سۆيۈملۈك ئاچا سىزنىڭ مېنى شۇنداق ياخشى كۆرىدىغىنىڭىزنى بىلىمەن. ماڭا بولغان مېھرىڭىزگە قاراپ ئۆزۈمنى بەكمۇ تەلەيلىك ھېس قىلىمەن، بەزىدە يەنە سىزگە كۆز تېگىپ كەتمىسكەن دەپ ئەنسىرەپمۇ قالىمەن. ئاپامنىڭ قورسىقىدا يېتىپ سىزنى شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىمەن: سىز مومام سىزگە ئېيتىپ بېرىدىغان چۆچەكلەردىكى تومارىستەك جاسارەتلىك، مەختۇمسۇلادەك لاتاپەتلىك، نۇزۇگۇمدەك شەرم-ھايالىق. سىزنىڭ ھەر بىر قاراشلىرىڭىزدىن ساپ دىللىق، ئاق كۆڭۈللۈك بالقىپ تۇرىدۇ، ھەر بىر قەدەملىرىڭىزدىن ئەقىل-پاراسەت نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدۇ.

مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىم، مەندەك يورۇق دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇش ئالدىدا تۇرغان بىر ھامىلىنىڭ يۈرەك سۆزىنى ئاڭلىغىنىڭلاردا ئالدىڭلاردا پىلتىڭلاپ ئويناپ يۈرگەن سۆيۈملۈك پەرزەنتىڭلارنىڭمۇ سىلەرگە ئېيتالمىغان ۋە ئېيتالمايۋاتقان يۈرەك سۆزى بارلىقنى ئۇنتۇپ قالماڭلار. ئۇلارنىڭ چېھرىگە، تومۇرىغا، روھىغا مېھىر بىلەن سۆيۈڭلار! چۈنكى، پەرزەنتنى سۆيگىنىڭلار ئۆزۈڭلارنى سۆيگىنىڭلار، ئۇلارنىڭ تەقى-تۇرقى، مىجەز-خۇلقى، كۆز-قۇلاقلىرى، پۇت-تۇياقلىرى، قەدەم ئېلىشلىرى، ئاۋاز سەزگۈسى ھەممىسى كۆپ ئۆزۈڭلار ئەمەسمۇ؟!

(ئاپتور: كۇچا ناھىيەلىك مەدەنىيەت-تەنتەربىيە ئىدارىسىدە)



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بەزى ئىسىملارنى قويۇش ئادىتى

راجىھ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم

تارىخىي مەنبەلەر ۋە كىتابلاردىكى پاكىتلاردىن ئىنسانلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئادىتىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەر بىر مىللەت ئىسىم قويۇشتا ئۆزلىرىنىڭ ياشاش شارائىتى، تۇرمۇش ئادىتى، دىنىي ئېتىقادىغا ئاساسەن ئىسىم قويۇپ، ئۆزىگە خاس ئىسىم قويۇش ئادىتى ۋە ئىسىم مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ، جۈملىدىن ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا نۇرغۇنلىغان ئىسسىق-سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئالەمشۇمۇل ئىلمىي خۇلاسىلەرنى يەكۈنلەپ ئاجايىپ مەدەنىيەت، يېڭىلىقلارنى ياراتقان ئۇيغۇرلارمۇ باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئىسىم قويۇش ئادىتى ۋە مەدەنىيىتى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئادىتى ۋە مەدەنىيىتى تارىخىي شارائىت ۋە تەرەققىياتقا ماس ھالدا ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ يېڭىلىنىپ تۇرغان، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئادىتى، مەدەنىيىتى دىنىي ئېتىقادىغا ماس ھالدا تەرەققىي قىلغان. تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسىم قويۇش ئادىتى ۋە مەدەنىيىتىمۇ مەنە ۋە مەزمۇن، شەكىل جەھەتتىن ئومۇمىي ئۇيغۇرلارنىڭ نوقۇل دىنىي ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىسىملارنى قويۇش، تەبىئەتتىكى مۇقەددەس، قۇتلۇق دەپ بىلگەن شەيئىلەر، تىنلىقلارنىڭ ئىسىملىرىنى قويۇش، سۈپەتلەش، قەدىرلەش، ياخشىلىق تىلەش خۇسۇسىيىتىدىكى ئىسىملارنى قويۇش ئادىتى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن ئوخشاش ۋە ئورتاق بولۇش بىلەن بىرگە ياشاش شارائىتى ۋە ئېتىقاد قارىشىدىكى پەرقلەر سەۋەبىدىن

بەزى ئىسىملارنى قويۇشتا بەزى ئادەت ۋە ئالاھىدىلىك-
لەرنى شەكىللەندۈرگەن.

تۈرپان ئۇيغۇرلىرى ئىسىم قويۇشتا ئۇيغۇرلارنىڭ
ئىسىم قويۇش ئومۇمىي ئادەتلىرىنى ئۆزلىرىدە مۇجەس-
سەملەشتۈرگەن بولۇپ، بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ھەتتا
بالا تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى ئاتا- ئانا ئىسىم تاللاپ، بالىنىڭ
ساغلام ۋە بەختلىك چوڭ بولۇشىنى، يارامىلىق ئادەم بو-
لۇشىنى تىلەيدۇ. بۇ تىلەكنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن،
تىلەكنى ئىسىم قويۇشتىن باشلايدۇ. تۈرپان ئۇيغۇرلىرىدا
بۇ خىل ئارزۇ ۋە تىلەك بالىنىڭ تەقدىرىنى— بالىنىڭ
ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشى، بەختلىك بولۇشى، ساغلام چوڭ
بولۇشىنى بالىنىڭ ئىسمىغا باغلاشتەك ئالاھىدە ئادىتى ۋە
ئېتىقادىنى شەكىللەندۈرگەن.

**1. سېتىش ۋە سېتىۋېلىش شەكلى ئارقىلىق ئىسىم قويۇش ئادىتى**

تۈرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسىم قويۇشتىكى بۇ خىل
سېتىش ۋە سېتىۋېلىش شەكلى ئارقىلىق ئىسىم قويۇش ئا-
دىتى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن
بولۇپ، ئۇيغۇرلاردىكى ئىسلام دىنى ئەقىدىسى بويىچە
ئىسىم قويۇش ئومۇمىي ئادىتى بىلەن بىرگە، ئۆزلىرى
شەكىللەندۈرگەن ئىسىم قويۇش ئادىتى بويىچە ئىسىم قو-
يىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدە ئادەت ئومۇمىي ئىسىم قويۇش
ئادىتىدە ئىپادىلىنىش بىلەن بىرگە ئايرىم ۋە ئالاھىدە شا-
رائىتتا روشەن ئىپادىلىنىدۇ. يەنى بىر ئايال تۇغۇپ، بالا
قىرقى ئىچىدە ياكى يېشىغا توشماي ئۆلۈپ كەتسە (بۇ ۋا-
قىتتا بالا ئۆلۈپ كەتسە— چاچراپ كەتتى دەپ ئاتايدۇ)
بۇنى بالىغا قويغان ئىسمىنىڭ مۇۋاپىق، توغرا بولمىغانلىقى-
دىن دەپ قارايدۇ. بالا چاچراپ كېتىش تەكرارلانسا، ئۇ
ئايال تۇغقاندا بالىنىڭ يەنە چاچراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن
تۇغۇلغان بالىنىڭ ئاتا- ئانىسى، ئۆز تەۋەسىدىكى دىنىي
ئۆلىمالار ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرى، قوشنىلىرى
ئىچىدىكى بالىسى كۆپ، باللىرى ساغلام، ئەقىللىق،
تېمەن چوڭ بولغان يەتتە كىشىنى تاللاپ، بالىغا ئالاھىدە
ئىسىم قويۇش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىدۇ ھەم
ئاشۇ يەتتە ئائىلىدىن ئاز- ئازدىن ئۇن، ماي ۋە قوشنى-
لاردىن ئوتتۇن سوراپ ئالىدۇ، بۇلاردىن تاماق ئېتىدۇ،
ئاشۇ قوشنىلاردىن يەتتە خىل پۇرۇچ سوراپ ئالىدۇ.

ئەگەر تۇغۇلغان بالا ئوغۇل بولسا، بۇ خىل ئىسىم
قويۇش پائالىيىتىگە پەقەت ئەرلەر قاتنىشىدۇ. تۇغۇلغان
بالا قىز بولسا ئەر- ئاياللار تەڭ قاتنىشىدۇ. بالىغا ئىسىم
قويۇش ئۈچۈن مېھمانلارنى گۆش، پولۇ بىلەن مېھمان
قىلىدۇ. بالىغا ئىسىم قويۇشتا يەتتە قوشنىدىن سوراپ
ئالغان ئۇن، مايدا ئايرىم تاماق تەييارلايدۇ. بۇ تائاملار-
نى پىشۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىغان ئۇننىڭ ئارىسىغا بىر
تال مارجان سېلىپ خېمىر يۇغۇرىدۇ. تۇغۇلغان بالا
ئوغۇل بولسا پوشكال، قوتۇرماچ، ھورنان پىشۇرىدۇ.
پوشكال، قوتۇرماچ، ھورناننى ھەر بىر ئادەمگە بىردىن
پىشۇرىدۇ ھەم چاقىرغان مېھمانلارنىڭ ئالدىغا بىردىن قو-
يىدۇ. مېھمانلار ئالاھىدە تەييارلانغان تائامنى يەيدۇ.
قايسى مېھمانغا خېمىر ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن مارجان
چىقسا، تۇغۇلغان بالا شۇ ئادەمنىڭ «بالا»سى بولىدۇ.
ئۇ ئادەم بالىنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدۇ. بالىنى ئېلىپ
كەتكەندىن كېيىن بالىنىڭ ئاتا- ئانىسى بالىنى سېتىۋېلىش
ئۈچۈن، بالىنىڭ «ئاتا»سىنىڭ ئالدىغا «بالا»نى «سېتىۋې-
لىش»قا بارىدۇ. بالىنى «سېتىۋېلىش»تا بالىنىڭ ئۆز ئاتا-
ئانىسى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ، بالىنىڭ يېڭى
«ئاتا- ئانا» سىنىڭ ئالدىغا «بالا» سېتىۋالغىلى بارىدۇ.
«بالا»نى «سېتىۋېلىش»تا ئەڭ ئاددىيسى ئۈچ پارچە
رەخت، يەتتە ناننى «بالا»نىڭ «ئاتا- ئانا» سىنىڭ ئالدىغا
قويۇپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، «بالا»نى «سېتىۋې-
لىپ» ئۆز ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ. «بالا»نى «سېتىۋې-
لىش»تا قانچە كۆپ چىقىم قىلسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ
دەپ قارايدۇ. «بالا»نى «سېتىۋېلىش»، «سېتىش» تەرتى-
پى ئاخىرلىشىپ بالا ئۆز ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن
كېيىن بالىغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش قائىدىسى بويى-
چە، بالىغا ئىسىم قويۇپ بېرىشكە چاقىرىلغان دىندار كىشى،
ئىسلام دىنىي قائىدىسى بويىچە ئىسىم قويۇش قائىدىنى
بەجا كەلتۈرىدۇ ھەمدە «بالا» غا «سېتىۋېلىش»،
«سېتىش» تەرتىپىگە ماس كېلىدىغان، شۇ مەنىنى بېرىدى-
غان ئىسىملارنى قويىدۇ. مەسىلەن، ساتتار، سېتىۋالدى،
سېتى، سېتىئەخمەت، سېتنىياز، سېتەم...

قوشنىلاردىن يىغقان پۇرۇشلارنى ئىشلىتىپ كىيىم تى-
كىدۇ ۋە بۆشۈك جابدۇقلىرىنى تەييارلايدۇ.

ئەگەر تۇغۇلغان بالا قىز بولسا تۇغۇلغان بالىنىڭ
ئاتا- ئانىسى، ئۆز تەۋەسىدىكى دىنىي ئۆلىمالار ۋە ئۆزلە-
رىنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرى، قوشنىلىرى ئىچىدىكى بالىسى
كۆپ، باللىرى ساغلام، ئەقىللىق، تېمەن چوڭ بولغان
يەتتە كىشىنى تاللاپ، يەتتە جۈپ ئەر- ئايالنى بالىغا ئالا-

MIRAS

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھىدە ئىسىم قويۇش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ تاماقلارنى ئېتىشتە تائاملارنىڭ قىيمىسىنىڭ ئىچىگە بىر تال مارجان قوشۇلۇپ تائاملار تەييارلىنىدۇ. تائام تەييار بولغاندىن كېيىن ئايال مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ. تائامغا ئارىلاشتۇرۇلغان مارجان قايسى ئايالغا چىقسا، تۇغۇلغان بالا شۇ ئايالنىڭ «بالا»سى بولىدۇ. بالىنىڭ كىمگە تەۋە ئىكەنلىكى ئايرىلغاندىن كېيىن «سېتىش»، «سېتىۋېلىش» تەرتىپى ئوغۇل بالىنى «سېتىش»، «سېتىۋېلىش» تەرتىپى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، «سېتىش»، «سېتىۋېلىش» تەرتىپى ئاخىرلىشىپ، ئۆز ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىن، بالىغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش قائىدىسى بويىچە بالىغا ئىسىم قويۇپ بېرىشكە چاقىرىلغان دىندار كىشى، ئىسلام دىنى قائىدىسى بويىچە بالىغا ئىسىم قويۇش قائىدىنى بەجا كەلتۈرىدۇ ھەمدە «بالا»غا «سېتىۋېلىش»، «سېتىش» تەرتىپىگە ماس كېلىدىغان، شۇ مەنىنى بېرىدىغان ئىسىملارنى قويىدۇ. مەسىلەن، سېتىخان، سېتىنىيازخان، سېتەمخان، سېتىگۈل، سېكىنىخان، بۇۋىسېتىخان، سەتىمگۈل...

بۇ خىل ئىسىم قويۇشقا چاقىرىلغان ئايال مېھمانلار بىر پارچىدىن رەخت ئالغاچ كىرىدۇ. بۇ رەختلەرنى بالىنىڭ كىيىملىرى ۋە بۆشۈك جابدۇقلىرىنى تەييارلاشقا ئىشلىتىدۇ.

بۇ خىل ئىسىم قويۇش ئادىتىدە بالا ئۆزى بىلەن تۇغقان بولمىغان بىرىنىڭ «بالا»سى بولۇپ قالسا، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا تۇغقانلىق، قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىپ، ئۇرۇق-تۇغقان بولۇپ ئۆتىدۇ. چۈنكى «سېتىۋالغان بالا» چوڭ بولغاندا «سېتىپ» بەرگەن «ئاتا-ئانا»سىنى ئۆز ئاتا-ئانىسىدەك ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىغا ئىسىم قويۇشتىن شەكىللەنگەن بۇ خىل ئۇرۇق-تۇغقانلىق ھەم ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ.

**2. «نىياز» چاچ قويۇش ئارقىلىق ئىسىم قويۇش ئادىتى**

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى بالا تۇغۇلۇپ ئىسىم قويغاندىن كېيىن، بالا ئاغرىقچان، كېسەل بولۇپ قالسا، بالىنى داۋالاتسىمۇ، كېسەلدىن تەلتۆكۈس ساقىيىپ كېتەلمەي، بالا كۆپ ئاغرىسا ياكى بالىنىڭ كېسىلى ئېنىق بولمىسا بالىغا قويغان ئىسىم ئېغىر كېتىپتۇ دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ ئىسمىنى يۆتكەيدۇ. لېكىن كۆپ ھاللاردا بالىغا تۇنجى قويغان ئىسمىنى يۆتكىمەي، بالىغا «نىياز» دېگەن ئىسمىنى قوشۇمچە قويىدۇ. «نىياز» دېگەن ئىسمىنى قوشۇمچە قويۇشتا بالىغا «نىياز چاچ» قويىدۇ.

بالىلارغا «نىياز چاچ» قويۇشتا بالا تۇغۇلغان



2010.3

مەھەللىدىكى بالىلىرى ساغلام، تېمەن كىشىلەر ياكى بالـ
نىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، قوشنىلىرد ـ
دىن يەتتە ئۆيدىن ئۇن، ماي، ئوتۇن، يەتتە خىل رەخت
پۇرۇچى سوراپ ئالىدۇ. بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆزلىرى
سوراپ ئالغان ئۇن، ماينى، ئۆزلىرى ئۇلۇغ دەپ بىلىدد ـ
غان غوجامغا ئېلىپ بارىدۇ. غوجامدىكى شەيخلەرنىڭ يې ـ
تەكچىلىكىدە ئېلىپ بارغان ئۇن مايدا تائام پىشۇرۇپ،
ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا دۇئا قىلدۇرىدۇ. بالىنىڭ ئاتا ـ ئانى ـ
سى شەيخنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بارغان رەخت،
پۇرۇچلىرى بىلەن غوجامغا چۈكەن باغلايدۇ. چۈكەن
باغلانغاندىن كېيىن شەيخ يەنە دۇئا قىلىدۇ. دۇئادىن
كېيىن شەيخنىڭ يېتەكچىلىكىدە بالىغا «نىياز چاچ»
قويۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ. «نىيازچاچ» قويۇشتا شەيخ بالـ
غا سالامەتلىك تىلەپ، بالىنىڭ بېشىنى ئۆزى يۇيۇپ، چې ـ
چىنى چۈشۈرىدۇ، باشتىكى چاچنىڭ باشقا يەرلىرىنى پاكىز
چۈشۈرۈپ، پەقەت ئوڭ تەرەپ چوققىسىغا چوڭ تەڭگە ـ
چىلىك دائىرىدە يۇملاق چاچ قويۇپ قويىدۇ. ئاندىن
كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئادىتى بويىچە قايتا
ئىسىم قويۇپ، بالىنىڭ ئەسلي ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇمـ
چە «نىياز» دېگەن ئىسىمنى قوشۇپ قويىدۇ. بۇنىڭ
بىلەن بالىغا «نىياز چاچ» قويۇش ئارقىلىق ئىسىم
قويۇش ئاخىرلىشىدۇ. بالىنىڭ نىياز چېچى بالا يەتتە ياشقا
كىرگىچە تۇرىدۇ. بالىنىڭ چېچىنى ھەر قېتىم چۈشۈرگەند ـ
ە «نىياز چاچ»قا تەگمەي چۈشۈرىدۇ. بالىنىڭ نىياز چې ـ
چىنى چىرايلىق ئۆرۈپ قويىدۇ. بۇ چاچ بەزى بالىلارنىڭ
بىر غېرىچ ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆسىدۇ، بالا يەتتە
ياشقا كىرگەندە بالىنى ئىسىم قويغان غوجامغا ئېلىپ
بېرىپ، بالىنىڭ نىياز چېچىنى ئالدۇرۇۋېتىدۇ.

«نىياز چاچ» قويۇش ئارقىلىق ئىسىم قويغاندا بالـ
نىڭ ئىسمى قوش ئىسىم بولىدۇ. مەسىلەن: مەمەتنىياز،
تۇرسۇننىياز، تۇردىنىياز، ئەخمەتنىياز، ئەكبەرنىياز، ئاينى ـ
يازخان، مەڭنىيازخان، سېتنىيازخان...

تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسىملىرى ئىچىدە نىيازنىڭ
كۆپ بولۇشى «نىياز چاچ» قويۇش ئارقىلىق ئىسىم
قويۇش ئادىتىنىڭ سەۋەبىدىن بولغان. بەزىدە بۇ
«نىياز» دېگەن قوشۇمچە ئىسىم بالىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىس ـ
مىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ ئالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ.
بۇنىڭدا بالىغا «نىياز چاچ» قويۇش ئادىتى بويىچە قو ـ
شۇمچە قويۇلغان «نىياز» ئەسلي ئىسىمدىن ئايرىلىپ،
مۇستەقىل ئىسىم، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئىسىم، فامىلە
ئىشلىتىش ئادىتى بويىچە فامىلە رولىنى ئېلىپ قالىدۇ. مە ـ
سىلەن، بالىغا «نىياز چاچ» قويۇش ئارقىلىق ئىسىم قوي ـ
غاندا، بالىنىڭ تولۇق ئىسىم فامىلىسى تۇرسۇننىياز تۇردى
بولغان بولسا، بالىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمى تۇرسۇننىياز بەزى
سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۇرسۇن نىيازغا ئۆزگىرىپ، بالىنىڭ
فامىلىسى چۈشۈپ قالىدۇ.

### 3. مەڭگە قاراپ ئىسىم قويۇش ئادىتى

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى بالىنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىغا
ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بالا تۇغۇلۇپ ئىسىم قويغۇچە
بالىنىڭ ساغلام، ساغلام ئەمەسلىكىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ
چىقىدۇ. بالا جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام بولسا، بالىغا
خاس، لايىق ئىسىم تاللاپ قويىدۇ. ئەگەر بالىنىڭ جىس ـ
مىدا بىرەر كەمتۈكلۈك، مېيىپلىق ئالامىتى بولسا ئىسىم
قويۇشتا بۇ خىل ئەھۋاللارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ،
ھەتتا ئىسىم قويۇشتا بالىنىڭ بەدىنىدىكى قارا داغ، مەڭ
(خال)گىمۇ ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. بالىنىڭ بىرەر ئەزاسىدا
خال بولسا، بۇ خال چوڭ‌ىيىپ، بالىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر
يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن بالىغا ئىسىم قويۇشتا خالغا مۇنا ـ
سىۋەتلىك ئىسىملارنى تاللايدۇ. چۈنكى خالغا مۇناسىۋەت ـ
لىك ئىسىملار خالنى كونترول قىلىپ، تاراپ كېتىشىنىڭ
ئالدىنى ئالىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا بىرەر ئەزاسىدا مەڭ
(خال) بار بالىلارغا شۇنىڭغا مۇناسىپ ئىسىملارنى قويى ـ
دۇ. مەسىلەن، مەڭنىك، مەڭناخۇن، خالىق، خالىدىن،
مەڭنىخان، مەڭنىيازخان، خالەم، خالىدە، خەلچىخان...

تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ خىل ئىسىم قويۇش ئا ـ
دەتلىرىنى 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغىچە ئىزچىل ئومۇمـ
يۈزلۈك قوللىنىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرمۇ بىر قىسىم كى ـ
شىلەر قوللىنىدۇ.

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى بالىغا ئىسىم قويۇشتا، ئىسىم
قويغۇچىنى ناھايىتى ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن كۈتۈپ
رازى قىلىپ ئۇزىتىدۇ.

دېمەك تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسىم قويۇشتىكى بۇ
خىل ئۆزگىچە ئادىتى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىسىم قويۇشتى ـ
كى ئېسىل ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇنىڭدا
ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارغا بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچان ـ
لىق تۇيغۇسى، ئېتىقادى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇي ـ
غۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئادەتلىرى ۋە مەدەنىيىتىنى
تەتقىق قىلىشتا ئەھمىيەتكە ئىگە.


**پايدىلىنىلغان ماتېرىيال:**

ئىمىن تۇرسۇن «ئۇيغۇرلاردا ئات قويۇش ئادىتى»،
«مىراس» ژۇرنىلى، 2008 ـ يىل، 3 ـ سان.


(ئاپتور: تۇرپان ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى
كومىتېتىدا)

# دېھقانچىلىك ئەقلى يوق ھاكىم

ۋاڭ يۇلىن



تاسادىپىي «جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى گېزىتى»نىڭ 2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 11 - كۈندىكى سانىنىڭ 5 - بېتىگە ئوخشاش بىرلا ۋاقىتتا بېسىلغان «گويۇگە سەپەر»، «دۆلەت يولىنى ياسايمىز دەپ قەدىمىي شەھەرنى ۋەيران قىلىش» ماۋزۇلۇق ئىككى خەۋەرنى كۆرۈپ قالدىم. ئالدىنقىسىدا، جىندۇڭخەن ۋىلايىتىدىكى گويۇ كەنتىدىكىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى داڭلىق كەنتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن پويىزغا چىقىپ، بېيجىڭغا قايتىش ئالدىدا تۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنى مېھمانخانىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۆزلىرىگە قوغداش - ئاسراش لايىھەسى تۈزۈپ بېرىشنى ئۆتۈنگەنلىكى ھەم قەدىمىي قۇرۇلۇشلارنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئون يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىققانلىقى يېزىلغان. بۇ كىچىككىنە كەنت مۇشۇ قۇرۇلۇش ئۈچۈن 2 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ، ئالدىنقى قارارلىق قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغان. كەنت باشلىقى مياۋ كۈنجېڭ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «ھازىر ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئانچە تەكىتلەنمەيۋاتىدۇ، شۇنداقتىمۇ بىز ئاۋۋال كەنتىمىزدىكى قەدىمىي ئىزلارنى ھەقىقىي تۈردە رېمونت قىلىپ چىقىشىمىز كېرەك، شۇندىلا ئەجدادلىرىمىز ھەم كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئالدىدا يۈزىمىز يورۇق بولىدۇ».

كېيىنكىسىدە چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ يەنشەن ناھىيەسى 315 - دۆلەت يولىدا قۇرۇلۇش قىلىش جەريانىدا كۆرۈنۈشتە ئىتائەت قىلغان بولۇۋېلىپ، ئاستىرتتىن خىلاپلىق قىلىپ، مەخپىي قۇرۇلۇش تاماملىغانلىقى؛ بۇنى بولۇپ بولغان ئىش قىلىپ كۆرسىتىش شەكلى بىلەن شەخەيجۇن قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئەسلىدىكى يولىنى مەجبۇرىي كېڭەيتىپ، مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى — شىخەيجۇن قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقانلىقى يېزىلغان. مەزكۇر ناھىيەنىڭ بىر مۇئاۋىن ھاكىمى بۇ ئىش ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «مۇشۇ بىر نەچچە يىلدا ناھىيەمىز مالىيەسى ئىنتايىن قىيىنچىلىق ئىچىدە قالدى، كارخانىلار ۋەيران بولۇپ، پۈتكۈل ناھىيەدىكى ئىشتىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى قىيىنلىشىپ كەتتى. مۇبادا 315 - دۆلەت يولى ناھىيەمىزدىن ئۆتسە، بىر قىسىم ئىشتىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بەزى ئۈچىنچى كەسىپ تۈرلىرىنى يولغا قويغىلى بولىدۇ».

مەن تازا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ ھاكىمنىڭ تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىن دېھقانغا يەتمەيدىغانلىقىنى پەملەپ قالدىم:

بىرىنچى، ھاكىمنىڭ قانۇن - تۈزۈم قارىشى دېھقانغا يەتمەيدىكەن. دېھقان قانداقلىكى بولمىسۇن قانۇن بويىـ

چە ئىش قىلىشىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى، قانۇننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغدايدىغانلىقىنى، بۇنىڭدا ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى بىلگەن. ۋەھالەنكى ھاكىم «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قانۇنى»غا قىلچە پىسەنت قىلماي، قانۇننىڭ تەتۈرىسىچە ئىش تۇتۇپ، قانۇننى بىلىپ تۇرۇپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان. گەرچە بۇ بىر دېلو تۇرغۇزۇشقا تېگىشلىك ئىش بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بىزنىڭ ئەمەلدارلارنىڭ مەنسىپى قانچە ئۈسكەنسېرى ئۇلارنىڭ قانۇن-تۈزۈم قارىشى شۇنچە كۆچىيىپ بارىدۇ، دېگەن خۇراپىيلارچە كۆز قارىشىمىزنىڭ پاچاقلاپ تاشلىنىشىغا ياردىمى باردەك قىلىدۇ.

ئىككىنچى، ھاكىمنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش جەھەتتىكى ئېڭى دېھقانغا يەتمەيدىكەن. دېھقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت مىراسى بولۇشتىكى مۇھىملىقى ۋە قىممىتىنى بىلگەچكە، ئۇنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوغداپ، ئەجدادلىرى ھەم ئەۋلادلىرىنىڭ ئالدىدا يۈزىنى يورۇق قىلغان. ۋەھالەنكى ھاكىم تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە، «دۆلەت يولىنى مۇشۇ يەردىن ئۆتكۈزگەن»، ئۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ قايتا يارالمايدىغانلىقىنى، بىرسى زىيانغا ئۇچرىسا بىرسىنىڭ ئازلايدىغانلىقىنى بىلمىگەن ياكى بىلسىمۇ پەرۋايىغا ئالمىغان.

ئۈچىنچى، ھاكىمنىڭ نەزەر دائىرىسى دېھقانىنىڭكىگە يەتمەيدىكەن. كەنت باشلىقى ئەجدادلىرىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمىسە ئۇلارنىڭ روھىنىڭ ئەۋلادلارنى يۆلەيدىغانلىقىنى بىلگەن. تېخىمۇ مۇھىمى ئۇ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلغان، ئۇ «قانچە يىراققا نەزەر تاشلىساڭ شۇنچە پارلاق مەنزىلنى كۆرىسەن» دېگەندەك كەڭ نەزەر دائىرىگە ئىگە. ۋەھالەنكى، ھاكىم پەقەت كۆز ئالدىدىكى ئىشتىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش، ئۈچىنچى كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىمىغان، «ئەتىكى قويرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا» دېگەن مەنتىقە بويىچە ئىش كۆرگەن، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ تارلىقىغا ھېچ قانداق گەپ توغرا كەلمىسە كېرەك.

يۇقىرىدىكى ھاكىمنىڭ دېھقانغا ئۈچ جەھەتتىن يەتمەيدىغانلىقى نۆۋەتتە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتىنىڭ ھەققەتەن كەسكىن ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

(خەنزۇچە «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى گېزىتى»نىڭ 2001-يىل 4-ئاينىڭ 25-كۈندىكى سانىدىن ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر تەرجىمىسى)

(تەرجىمان: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدە)

# ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى بىلدۈرگۈ

**ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز بۇ يىلدىن باشلاپ ئۇنۋان ئالماقچى بولغان قېرىنداشلىرىمىزغا قۇلايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.**

**سەمىڭىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ. شۇڭا بىز بىلەن ئالاقىلاشقايسىز.**

**تېلېفون نومۇرى: 0991 ـ 4554017**

**ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





تېمىسىز



ئىسسىنىش



ھۇرۇن



ئامالسىزلىق










# مىراس

# 美拉斯

# MIRAS


主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路716号文联大楼14层）电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I
国外统一刊号：ISSN1004—3829
代号：58-60 广告许可证号：6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
邮编：830001 定价：6.00元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT(GROUP)CORPORATION
16Gongti E.Road, Chaoyang District, P.O.Box88, Beijing 100020, PR China
E—Mail:exprt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: 0991- 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
E- mail: mirasuyghur@ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040